美拉斯

# MIRAS



# ميراس

4
2016

ISSN 1004-3829
08
9 771004 382027

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرى






قوش ئايلىق ژۇرنال 2016 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 156 ـ سان)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا سەپەر ئەدەپلىرى ...... مۇھەممەتجان تىلىۋالدى، ئامانۇللا ھېزىبۇللا (1)
ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق مەدەنىيىتى ... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (13)
ئۇيغۇرلاردا كۆل مەدەنىيىتى .............. مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (66)

## يېمەكلىرىمىز

جىگدە ھەققىدە .......................... ئابدۇكېرىم تۇردى (11)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ۋارىيانتى توغرىسىدا ........
........................................ غالىپ بارات ئەرك (27)
لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا ...........
........................................ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (47)

## يورۇق يۇلتۇزلار

ھېسام قۇربان جېلىلىيۇزدە .................... جامالىدىن جالالىدىن (35)

## مىراسلىرىمىز

نېمە ئۈچۈن غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
تەشەببۇس قىلىمىز ...................... گۈلجامال ئابدۇقادىر (39)
باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى ...... قۇربان موللىنىياز (63)

喀什天尔塔格书店




باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)

جاۋابكار مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەمەتىمىن (مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەمتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## دۇنيا مىراسى

سۇداندىكى باركال ۋە ناپاتا ............ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (41)

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلار تەربىيەسىدىكى رولى ... ئايپاشا ھېمىت (60)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

پىرىجە رىۋايىتى ............................ مەتسەئىدى مەتقاسىم (71)

## ساقلىنىش ـ شاھلىنىش

ئۇيغۇرلاردا شامانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى ... ئادەم ئۆگەر (72)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 33 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 33 يىللىق شانلىق تارىخىدا 156 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۈچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 33 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: خۇرسەنئاي مەمتىمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «چاھار باغدا» مىنياتۇرا رەسىم نەۋبەت سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل، نەۋبەت قاتارلىقلار تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Memtimin

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

主编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明（编辑）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ئۇيغۇرلاردا سەپەر ئەدەپلىرى

مۇھەممەتجان تىلىۋالدى، ئامانۇللا ھېزىبۇللا

«سەپەر ـــ جۇدالىقتا قالغانلارنى ئارزۇسىغا يەتكۈز-
گۈچى ۋە مەھرۇملارنى مۇراد ئۆيىگە باشلاپ كىرگۈچى-
دۇر؛ سەپەر ـــ خام ئادەملەرنى پىشۇرغۇچى ۋە تائاملار-
نى سىڭدۈرگۈچىدۇر؛ سەپەر ـــ يولۇچى يەنى سەپەر قىل-
غۇچىدا جاسارەت ۋە گۈزەل خۇلق- ئادەتنى يېتىلدۈرگۈ-
چىدۇر؛ سەپەر - مۇساپىرلارنى مەنزىللەر بىلەن تونۇشتۇر-
غۇچىدۇر؛ سەپەر ـــ ئىسسىق - سوغۇقتا جانغا ئارام بې-
غىشلاپ، دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىدىن كۆڭۈلنى ئا-
گاھلاندۇرغۇچىدۇر؛ سەپەر ۋادىسىدا مۇساپىرنىڭ ئايىغىغا
كۆپ دەرد - بالا تىكەنلىرى سانجىلىدۇ، لېكىن سانجىلغان
ھەربىر تال تىكەندىن مەقسەت گۈلى ئېچىلىدۇ. قىسقىسى،
ھەرىكەت ـــ ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىق بەلگىسىدۇر؛
جانسىز مەخلۇقاتلار ـــ تىرىكلىك نىشانىسىدىن بىخەۋەر-
دۇر...» (ئەلىشىر نەۋايى)

دېمەك، سەپەر قىلىش بىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن
ئالاقە قىلىشىمىزدا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەپەر
مۇشەققىتى گەرچە ئېغىر بولسىمۇ، سەپەر قىلىش ئارقىلىق
جاھان يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغىلى، نەزەر دائىرىنى كېڭەيت-
كىلى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈر-
گىلى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرغىلى، ئەڭ مۇ-
ھىمى روھىي قىياپەتنى ساپلاشتۇرغىلى بولىدۇ. دانالار
يەنە سەپەرنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك پايدىسى بارلىقىنى
بايان قىلىشىدۇ: بىرىنچىسى، غەم - ئەندىشە كېتىدۇ؛ ئىك-
كىنچىسى، كەسىپ - سەرمايە ھاسىل بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى،
ئىلىم - مەرىپەت ھاسىل قىلىنىدۇ؛ تۆتىنچىسى، ئەدەپ -
ئەخلاق ۋە پەزىلەت تاكامۇللىشىدۇ؛ بەشىنچىسى، ئۇلۇغلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆھبىتى تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلىش، بولۇپمۇ سودا - تىجارەت قىلىش، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن سەپەر قىلىش خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ۋە ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇ سۆزىمىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەپەر قىلىشنى، يۇرت كېزىپ جاھان كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان: «پىشاي دېسەڭ سەپەر قىل»، «ئادەمنىڭ ياخشىسى سەپەردە بىلىنەر»، «ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان»، «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس»، «ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا»، «يولنى يۈرگەن بىلەر»، «ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار، يۈگۈرگەن باغ ئاشار»، «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەندەك ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى: «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم» دېگەن سۆزى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەپەرگە چىققاندا بىر قاتار ئەدەپ - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. جۈملىدىن، نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلەردە سەپەرگە چىقىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»، «سائەتنامە»، «ئەدەبۇسسالىھىن» قاتارلىق ئەسەرلەردە سەپەرگە چىقىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ئەدەپ - قائىدىلىرىنى بىلىشىمىزدىكى ئاچقۇچتۇر. بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ۋاسىتىلىرى زامانىۋىلىشىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بىر كۈندىلا يېتىپ بېرىش ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، سەپەر ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

## سەپەرنىڭ ئەدەپلىرى

ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىگە خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلەيدۇ ۋە «كېچىكىشلىك ئىش بۇزۇلماس»، «ئويلىماي ئىش قىلساڭ، سانىماي تاياق يەيسەن»، «ھەر قەدىمىڭنى بىلىپ ماڭساڭ، ئەلەم كۆرمەيسەن»، «يول سورىماي يولغا چىقما» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلەر روھىغا ئەمەل قىلىپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئايالى، بالىچاقىلىرى، قولۇم - قوشنا، دوست - يارەنلىرى، يۇرت چوڭلىرى ياكى خالىس، توغرا پىكىر قىلغۇچى بىرەر كىشى بىلەن كېڭىشىپ، شۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ئاندىن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

سەپەر قىلىش ئەزەلدىن جەبىر - جاپادىن خالىي ئەمەس، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەندەك، ھەر قانداق بىر سەپەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق جاپاسى بار. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى سەپىرىدە خەيرلىك ئىشلارنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە ئېنىق بىر مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، توغرا نىشان بېكىتىپ، مەقسەتسىز سەپەر قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇغۇلۇپ، قەيەردە ۋاپات بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ھالى بىلەن ئەتىكى ھالى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىققۇچى سەپەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ، سەپەر قىلغۇچى سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ياخشى تىلەك - ئۈمىدلەردە بولۇش بىلەن بىللە، تاسادىپىي كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ قالسا دېگەننى ئالدىن ئويلاپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ مۇھىم ئالغۇ - بەرگۈ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بولسا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇپ، قەرزدار بولسا، «قەرزىڭ بولسا بېرىپ قۇتۇل» دېگەندەك قەرزىنى ئادا قىلىپ، بىراۋنىڭ ئامانىتى بولسا، ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن سەپەرگە چىققاندا ئۆز سەپىرىدە خاتىرجەم بولالايدۇ. بۇنداق قىلمىغاندا كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇشەققەتتە قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار «ئاتا - ئاناڭنى باقمىساڭ، بالاڭ سېنى باقماس»، «ئاتمىش كۈن ئاچ قالساڭمۇ، ئاتاڭنى كۈت»، «بالا بېقىش پەرز، ئاتا - ئانا بېقىش قەرز» دېگەنگە ئوخشاش ئاتىلار سۆزى بويىچە، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاتا - ئانىسى، ئايالى، بالىچاقىسىغا يېتەرلىك تۇرمۇش خىراجىتى، راسخوت - نەپىقىسىنى قالدۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار ئاتا - ئانا ۋە ھوقۇق ئىگىلىرىدىن رۇخسەت سوراپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق كۈننى تاللاپ، ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئايالى، بالىچاقىلىرى، يۇرت

چوڭلىرى، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن خوشلىشىپ، سەپەرگە چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئۇزۇقلۇق ئات هارماس» دەيدىغان گەپ بار. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ: «يېپىنچىلىق هۆل بولماس ـــ يېپىنچىسى بار ئادەم يامغۇردا هۆل بولمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ باياندىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇرلاردا يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلماقچى بولغان ئادەم سەپەر يۈكى تەييارلايدۇ، تەييارلىغان ۋاقىتتا سەپەر يۈكىنىڭ يەڭگىلرەك، قولايلىق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەپەر مۇشەققىتىنى ئازايتقىلى، پىيادە بارىدىغان جايلارغا شاققىدە بېرىپ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، هەر جەهەتتىن بىخەتەر بولغىلى بولىدۇ. بەزى ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە، سەپەردە زۆرۈر نەرسىلەردىن بىرى، ئۇيات جايلىرىنى يوشۇرالايدىغان كىيىم ـ كېچەك، يەنە بىرى، سۇ ئېلىشقا كېرەكلىك قاچا ـ قۇچا، يەنە بىرى پۇتنى يۇيغاندا كىيىدىغان سايما كەشتۇر. يەنە ساقال تارىغىقى، چىش تازىلىغۇچ، قايچا، يىپ ـ يىڭنە ئېلىۋېلىشىمۇ جائىزدۇر.

ئۇيغۇرلار بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ قولۇم ـ قوشنا، يېقىن ـ يورۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ۋە شۇ سەپەردىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ يوللۇق تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلماندارچىلىقتىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان هەج قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن هەج سەپىرىگە ماڭغانلارغا يوللۇق تۇتۇش ناهايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار يوللۇق تۇتقان ۋاقىتتا «نان دېگەن هەمراھ» دېگەن هېكمەت روهى بويىچە ئۆيدە ياققان نان، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، پۇل ـ پۇچەك ۋە باشقا هەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرى يوللۇق قىلىپ تۇتۇلىدۇ. يوللۇق تۇتۇلۇپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرىمۇ هەرقايسى يۇرتلاردا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى بەزى يەرلىك پەرقلەرمۇ بولىدۇ. بۇرۇن ئۇيغۇر قىزلىرى بىر جۈپ قۇش ياكى گۈلنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن قول ياغلىق، ئۆزى كەشتىلىگەن دوپپا، كانۋاي كۆڭلەك، پوتا (بەلباغ) قاتارلىق نەرسىلەرنى يوللۇق تۇتۇش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىسە، ئوغۇللار ياغلىق، گۈل، ئۈزۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەپ ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار «چۆلدە ئۇسسۇزلۇق يامان، يولدا يالغۇزلۇق يامان»، «هەرقانچە ئەخمەق بولسىمۇ، هەمراھ ياخشى»، «ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر» دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىل، هېكمەتلەر روهى بويىچە ئىمكان بار سەپەرگە هەمراھ ئېلىۋالىدۇ، ئاساسەن ئۈچتىن ئاز ئادەم بىلەن يىراق سەپەرلەرگە چىقمايدۇ. ئەگەر كۆپرەك ئادەم بىللە سەپەرگە چىققان بولسا ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى چاغلىيالايدىغان بىرىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلايدۇ. يەنە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «غاز توپى باشلامچىسىز بولماس»، «قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن هەممە ئىشتا ئۆزىگە قارىغاندا يول بىلىدىغان كىشىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەپەرداشلار سەپەر جەريانىدا بىر ـ بىرىگە هەمدەم بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئاگاهلاندۇرۇپ، كۆزىتىپ، ئۆزئارا هەمكارلىشىپ، قىيىنچىلىق بولسا تەڭ تارتىشىپ، سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ ۋە چوڭ خەتەرگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ باشلىققا ئەدەپ شۇكى، هەمراهلىرىغا كۆيۈمچان ۋە خىزمەتكار بولۇشى، ئۇلاردىن قولىدىن كېلىدىغان خىزمەت ۋە ياخشىلىقنى ئايىماسلىقى، ئۆزى هۆكۈم تەختىدە ئولتۇرۇپ، باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار سەپەر جەريانىدا ياشانغانلارغا يول قويىدۇ، ئۇلارنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئارقىسىدا ماڭىدۇ، ئالدىغا كىرىۋالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇستازى بىلەن بىللە سەپەر قىلغاندا، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە «ئۇستاز ئاتاڭدىن يۇقىرى هەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق هەققى بار. چۈنكى ئاتاڭ هاياتلىق بېرىدۇ، ئۇستاز بولسا نىجاتلىق»، «ئۇستاز يەتتە چامدام يىراقتا تۇرۇپ سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشى»، «ئەگەر بىر شاگىرت ئىلىم ۋە ئۇستازىنى سۆيمىسە، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇمىسا، مەقسىتىگە يېتەلمەس» دەپ قارىلىدۇ. سەپەرلەردە ياكى باشقا ۋاقىتلاردا ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىش، ئۇستازىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالماسلىق ئەدەپسىزلىك ۋە ۋاپاغا جاپا قىلغانلىق بولىدۇ، (توپىلاڭ، پاتقاق، سۇلۇق ياكى ئومۇمەن خەۋپلىك جايلارغا كەلگەندىلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساڭ بولىدۇ) دەپ تونۇيدۇ، يول ماڭغاندا ئۇلارنىڭ

ئىزنىغا دەسسەپ مېڭىشنى بىئەدەپلىك دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار ئۇلاغ ۋە باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن سەپەر قىلماقچى بولسا، ئۇلاردىن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ياكى سەپەر جەريانىدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، ئات - ئۇلاغنى يولدا ئېھتىيات بىلەن ھەيدەش، ھېچبىر كىشىگە ئازار يەتكۈزمەسلىك، ھەرقانچە بەك زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئاتنى بەك تېز چاپتۇرماسلىق، (بولۇپمۇ لاي، پاتقاق، توپىلىق يوللاردا تېخىمۇ شۇنداق)، باشقىلار بىلەن يول تالىشىپ مېڭىشتىن قەتئىي ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر يولدا بىرەر ۋەقە ياكى باشقا ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىپ قالغاندا، ئولىشىۋېلىپ تاماشا كۆرۈشكە ياكى چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ. يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىشى غەلىتە ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالغاندا سۆز - چۆچەك قىلماسلىق ياكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىۋالماسلىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. شەھەر يوللىرىدا ۋە ياكى يېزا يوللىرىدا ماڭغاندا بولسۇن، چوقۇم سەگەك بولۇش، قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن ئېھتىيات قىلىش، يولنى كېسىپ ئۆتكەندە ئىككى تەرەپكە قارىۋەتكەندىن كېيىن چوقۇم پىيادىلەر ئۆتۈش بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈش، يولدا قاتناش ۋاسىتىلىرى كۆپ چاغدا كېسىپ ئۆتۈشتىن، يۈگۈرۈشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يولنى كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا كىچىك بالىلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ قويۇش، چوڭ ياشلىقلارنى يۆلەپ ئۆتكۈزۈش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى يول ئۈستىدە ئۇچرىغان كىشىلەرگە سالام بېرىدۇ، ئاتلىق ماڭغان كىشى ھەرقانچە ئۇلۇغ، مەرتىۋىسى زىيادە بولۇپ، پىيادە كىشى ھەرقانچە پېقىر، كىچىك بالا ياكى مەجرۇھ، بىچارە بولغان ئەھۋالدىمۇ ئاتلىق كىشى پىيادە كىشىگە ئاۋۋال سالام بېرىدۇ. لېكىن سەپەر جەريانىدا زۆرۈرىيەتسىز بىر كىم بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇرمايدۇ. ئىمكان بار سالاملىشىپ تېز ئۆتىدۇ، سەپىرىنى داۋام قىلىدۇ. ئەگەر بەك مۇھىم سۆزلىرى بولسا يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تۇرۇپ سۆزلىشىدۇ. ئەمما مەنزىلگە يەتكەندە ۋە قونالغۇدا دەم ئالغان چاغدا بىر - بىرىنىڭ ھالىنى سوراپ، ئۆزئارا ئۇلپەتچىلىك ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار گاھى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن يوللار ۋە يىراق مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، يولدا كېچىسى كۆپرەك مېڭىپ قالىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «كېچىلەپ يول يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر. يەنى كېچىسى يول ماڭسا كۈندۈزى خۇشال بولىدۇ، چۈنكى ماڭغان يولى كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا بۇنداق ئىشتا ئەلۋەتتە غاپىللىق قىلىنمىغىنى، يەنى كېچىسى يول يۈرگەندە، ئەگەر خالىسا بىر - ئىككى سائەت مېڭىشنى توختىتىپ ئارام ئالغان ياخشى. يول ئۈستىدە كېچىسى ئادەمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان جانىۋارلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ چەترەك تەرىپىگە چۈشۈش، ئۆزى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ بىھۇدە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېدىردەك بىرەر نەرسە قىلىپ، شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئارام ئېلىش، بولسا بىر ئادەم ئارام ئالغاندا، يەنە بىر ئادەم كۆزەتتە تۇرۇش، شۇنداقلا كېچىسى يالغۇز سەپەر قىلىشتىن ئىمكان بار ساقلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار سەپەر جەريانىدا قونالغۇنى ياخشى تاللايدۇ، بىخەتەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى ئەگەر قونالغۇ ياخشى تاللانمىغاندا، ئۇيقۇ ياخشى بولمايدۇ. مال - مۈلۈكنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەم دەككە - دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بەزىدە قونالغۇنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئوغرى - يالغان، ئالدامچىلارغا يولۇقۇپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەر قىلغۇچىلار سەل قىممەت بولسىمۇ بىخەتەر مېھمانسارايلارغا ئورۇنلىشىش، ئۆزىنىڭ ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە يۇرتتىن بىللە چىققان سەپەرداشلار خالىغانچە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەر تەرەپكە تاراپ كەتمەي، بەلكى بىر قونالغۇغا جەم بولۇپ ئارام ئېلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەپەرداشلار ئاغرىق - سىلاق بولسا بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدۇ ھەم يات يەرلەردە يولدىن ئېزىپ تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەگەر كۆپ كىشى سەپەرگە چىققان بولسا، سەپەرداشلار بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئىناق - ئىتتىپاق بولۇش ئارقىلىق سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە

يېتىش ئۈچۈن ئۆل سېلىنىدۇ. بولۇپمۇ «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەندەك، سەپەر جەريانىدا سەپەر قىلغۇچىدىن يېمەك - ئىچمەكنى سەپەرداشلىرى بىلەن ئورتاق يېيىش، ھەرگىزمۇ يوشۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئوزۇقنى يوشۇرۇپ، باشقىلارنىڭكىگە ئورتاقلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئوزۇقى تۈگىگەندە ئۆزىنىڭ ئوزۇقنى تىقىپ يېيىش پەسكەشلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەقىدىلەردە: «ئىچىدىغان سۈيى تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن يوشۇرغان ئادەم مۇناپىق بولىدۇ» دېيىلگەن. ئۆزى ئاچ قالسىمۇ سەپەرداشلىرىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرماسلىق، ئۇسسۇز قالسىمۇ، سۇيىنى سەپەرداشلىرى بىلەن بىللە ئىچىش، ھەتتا بىر ئوتلامدىن يەتسىمۇ ئۇنى ئايىماسلىق سەپەرداشلارغا قويۇلىدىغان مۇھىم پەزىلەت تەلىپى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق»، «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇنى سەپەرنىڭ مۇھىم بىر قائىدە - يوسۇنىغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا سەپەر قىلغۇچىلاردىن سەپەر جەريانىدا يېمەك - ئىچمەكنىڭ جايىدا بولۇشىغا دىققەت قىلىش، چوقۇم ئىشەنچلىك، شۈبھىدىن خالىي يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما سەپەر قىلىش جەريانىدا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۈچ ۋاقلىق تاماقنىڭ ۋاقتىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سەپەر قىلغۇچى ئادەم نان، قورۇلغان گۆش، ھەر خىل مېۋە - چېۋە، كاۋاپ، چاي بىلەن بولسىمۇ ۋاقتىدا قورساقنى ئەستەرلەپ تۇرۇشى، بازار، ئۆتەڭلەرگە بارغان ھامان ياخشىراق ئاشخانىلاردىن تەبىئىي، ياخشى تاماقلارنى يېيىشى، تاماقنى مەجەزگە باقماي ياكى ئېگىز - پەس يەپ، سەپەر جەريانىدا ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم دېيىلىدۇ. چۈنكى، سەپەردە ئاغرىپ قېلىش كىشىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «يولداش يولدا سىنىلار»، «بىر كۈنلۈك يولداشقا قىرىق كۈن سالام» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا سەپەر قىلغۇچى كىشىگە يولدا ئاجىز، ناتىۋان كىشىلەر ھەمراھ بولۇپ قالسا، قۇدرىتى بارلار ئۇلارغا مەدەتكار بولۇپ، يولدا تاشلاپ كەتمەي كارۋانغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاجىزلىق، ئامالسىزلىقتىن يېرىم يولدا توختاپ قالسا، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ، تاكى كارۋانغا ھەمراھ قىلمىغۇچە تاشلاپ كەتمەيدۇ. يۈسۈف خاس ھاجىپ: «جاھانغا نامىڭنى ياياي دېسەڭ، سەپەر قىلغۇچىلارنى ئىززەتلەشكە تىرىشقىن» دېيىش ئارقىلىق، سەپەر قىلغۇچىلارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىق قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى كىشى سەپەر جەريانىدا كىراكەشنىڭ تولۇق رازى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلاغ، ھارۋىلارغا ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن ئارتۇق يۈك بېسىۋالمايدۇ، يۈكنى شۇ كىراكەش قاراپ تۇرغاندا ئارتىدۇ ياكى باسىدۇ، ھەر ۋاقىت كىراكەشلەرنىڭ قوپال ۋە يامان پېئىللىرىغا سەۋر قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ جەرياندا ھەر ۋەجىدىن بولسىمۇ، رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىقنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ.

## سەپەردىكى بىر قىسىم پەرھىز ۋە ئادەتلەر

ئۇيغۇرلار سەپەرنى مۇشكۇل ئىشلارنىڭ بىرى دەپ قاراپ، سەپەرگە بىخەتەر چىقىپ بىخەتەر قايتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىشلاردىن پەرھىز تۇتۇپ كەلگەن. بۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر سەپەر ۋاقتى، سەپەر يۆنىلىشى، سەپەر جەريانىدىكى ئىشلار، قايتىپ كېلىش ۋە سەپەردىكى ھەمراھ قاتارلىق تەرەپلەردە بىردەك مەۋجۇت.

ئۇيغۇرلار يىراققا سەپەر قىلغاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماسلىقنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا سەپەر ۋاقتىنى دېمەسلىك، بارىدىغان جايىنى يوشۇرۇش، بېرىش مەقسىتىنى يوشۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. شۇنداقلا «ئاتا - ئانىنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن سەپەرگە چىققۇچى ئامان بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، سەپەر قىلغۇچى ئاتا - ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرمەيلا سەپەرگە چىقىپ كەتسە، ئاتا - ئانا بالىسىدىن كۆپ ئەنسىرەيدۇ، ئۇلارنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەگەر ئاتا - ئانىسىغا سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆزى خەۋەر بېرەلمىسە، باشقا كىشى ئارقىلىق چوقۇم خەۋەر يەتكۈزىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئاتا - ئانىغا بولغان مېھرىبانلىقنىڭ ئېسىل ئىپادىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى نىيىتىنى دۇرۇس تۇتۇشقا تىرىشىدۇ، ئالا نىيەتلىك قىلىشتىن، يامان مەقسەت - مۇددىئالار بىلەن سەپەر قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار «سەپەر دېگەن بەك نازۇك، خېيىم - خەتىرى كۆپ، شۇڭا پاكىز روھ، دۇرۇس نىيەت، تەرەت بىلەن يولغا چىقىش كېرەك؛ مەينەت، جۇنۇپ، يامان نىيەت بىلەن سەپەرگە چىقماسلىق، سەپەر جەريانىدا ئۆزىنى بەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆزىتىش، ھەرقانداق خىيانەتكە قەدەم باسماسلىق كېرەك، نىيەت دۇرۇس بولمىسا، سەپەردە پاك بولمىسا سەپەر خەيرلىك بولمايدۇ، شۇڭا سەپەردە ناپاك مال، ھارام ئىش ـ ھەرىكەت قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنى بۇلغەماسلىقى لازىم» دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى سەپەرداشلىرىنى ياخشى تاللايدۇ، يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلەن بىللە سەپەر قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلار سەپەردە بىللە ماڭغۇچى ھەمراھنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. نائەھلى، ئوغرى، يالغانچى ۋە ۋاپاسىز ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولۇشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن، ئالىملار، پازىللار بىلەن سەپەرگە چىقىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە «ھەمراھ سەپەردە سىنىلار، دوست خەتەردە سىنىلار»، «يامان بىلەن يولداش بولما، نادان بىلەن سىرداش بولما»، «يامان يولداشتىن يالغۇزلۇق ياخشى» دېيىلگەن. ئېنىقكى، ھەر دائىم بىللە سەپەر قىلغان، سىناقتىن ئۆتكەن سەپەرداشلاردىن خەۋپ يەتمەيدۇ ھەم يامان نىيەتتە بولۇشقا پېتىنالمايدۇ. بىراق «يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس» دېگەندەك، يولدا قېتىلغان ھەمراھ ھەرقانچە دۇرۇس بولسىمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. بەزىلىرى قارا نىيەتلىك بىلەن ھەمراھنى داغدا قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلار: «يولدا قوشۇلغان ھەمراھنى ھەرگىزمۇ ھەمراھ ھېسابلىماسلىق، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك» دەپ قارىغان ھەم بۇنى سەپەرنىڭ بىر قائىدە ـ يوسۇنى سۈپىتىدە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەپ كەلگەن. چۈنكى بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلار باشتىن ئۆتكەن، نى ـ نى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتىۋەرمە» دېيىش ئارقىلىق سەپەر قىلغۇچىنى ھەر ۋاقىت سەگەك ۋە سەزگۈر بولۇشقا ئۈندىگەن. يەنە «سائەتنامە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «سەپەرنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى، ئەگەر بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ئامانىتى بار بولسا، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ھەمراھسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقماسلىق، ئامال بار ياخشى، ئالىم كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىقىش لازىم. جادۇگەر ياكى پالچىلار بىلەن ھەمراھ بولماسلىق كېرەك...»

ئۇيغۇرلار «ئات ئەر كىشىگە قانات» دەپ قارايدۇ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» سەپەرنى تاماملايدۇ، دېيىلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئات ـ ئۇلاغنىڭ بېشىغا ۋە يۈزىگە تاياق ياكى قامچا بىلەن ئۇرمايدۇ، ئات ـ ئۇلاغنى بەك ئاچ ۋە سۇسىز قويمايدۇ، بەك ئىسسىق ياكى سوغۇق ئورۇۋندىمۇ قويمايدۇ. بەزىدە تېخى بارىدىغان مەنزىلى بەك يىراق بولسا، ئات ـ ئۇلاغدىن ئانچە ـ مۇنچە چۈشۈپ پىيادە ماڭىدىغان ئادەتمۇ بار. ئۇيغۇرلار يەنە مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى چۈشۈرمەي، ئات ـ ئۇلاغلارغا يەم ـ ھەلەپ بەرمەي تۇرۇپ باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلمايدۇ. بۇ سەپەر ھەمراھى بولغان ئۇلاغنى ئاسراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزدۇر.

ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىققۇچىلار ئارقىلىق يىراق يۇرت ـ ئەلدىكى تۇغقانلىرىغا سالام يوللاپ ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان، شۇنداقلا شۇلارغا خالتا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتى، سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار. بۇ ئادەتنى ئەجدادلىرىمىز بەرپا قىلغان «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» بىلەن «يىپەك يولى مەدەنىيتى» دەۋرلىرىدە سودا كارۋانلىرى ئورۇۋندىغان. ھازىرقى كۈندە پوچتىدىن خالتا ئەۋەتىش بارلىققا كەلگەن ئەھۋالدا، تۇغقان يوقلاش، ساياھەت، سودا ـ تىجارەت، ئوقۇش، خىزمەت قاتارلىق ئىشلار بىلەن باشقا يۇرت ـ ئەللەرگە سەپەر قىلىپ بارىدىغان كىشىلەردىن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، پەرزەنتلىرىگە خالتا ئەۋەتىش ئادىتى داۋاملاشماقتا.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان سادىدا ئاسترونومىيەلىك قاراشلىرى ۋە قۇت ـ نەسلىك چۈشەنچىلىرى بويىچە مەلۇم كۈنلەردە سەپەرگە چىقىش ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ، مەلۇم كۈنلەردە سەپەرگە چىقسا نەسلىك باسىدۇ دەپ قارىغان. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» نىڭ «سەپەرگە چىقماقلىق ھەققىدە بايان» دېگەن بۆلىكىدە شۇنداق دېيىلگەن:

«بىلىش كېرەككى، سەپەرگە چىقىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئالدى بىلەن قايسى ۋاقىتتا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەك ئەڭ زۆرۈر:

شەنبە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛
يەكشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛
دۈشەنبە كۈنى ناماز شام ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛

چارشەنبە كۈنى سەھەردە سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛
پەيشەنبە تاڭ ئېتىش ئالدىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛
جۈمە كۈنى چاي ۋاقتىدا سەپەرگە چىقسا مۇۋاپىقتۇر؛
ۋەللاھۇ ئەئلەم (تەڭرى ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر)»

«سائەتنامە»نىڭ «ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنلىرى» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«يەكشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىنلاشقان ۋاقىتتىن باشلاپ، ناماز پېشىنغىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

دۈشەنبە كۈنى نامازدىگەردىن نامازشامغىچە بولغان ئارىلىق نەسلىكتۇر، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

سەيشەنبە كۈنى ناشتا ۋاقتىدىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىق نەسلىك، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

چارشەنبە كۈنى نامازدىگەر ئاخىرلىشاي دېگەندىن باشلاپ، كۈن ئولتۇرغۇچە بولغان ۋاقىتتا نەسلىك بار، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

پەيشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدىن ناماز پېشىنغىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

جۈمە كۈنى ناشتا باشلانغاندىن ئاخىرلاشقىچە بولغان ۋاقىت نەس چاغدۇر، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر؛

شەنبە كۈنى ناماز پېشىندىن نامازدىگەرگىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار، قالغان ۋاقىتلار ياخشىدۇر.»

ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە پەيشەنبە كۈنى ۋە شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سەپەرگە چىقىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ، سەپەر قىلغۇچى يۇرت - جامائەت، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئاتلاپ چىقسا، ئۇ كىشىنىڭ سەپىرى خەيرلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە سەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى، خەلق نەزەرىدە سەيشەنبە «ئۆلۈمنىڭ سائىتى» بولۇپ، بۇ كۈندە سەپەرگە چىقسا، پۈتۈن سەپەر ئوڭۇشسىز بولارمىش. ئۇيغۇرلار يەنە بىر كۈن ئىچىدىكى ئىككى زاۋال (سۇبھى ۋە گۇگۇم)دا سەپەر قىلىشتىن، سەيشەنبە كۈنى چىڭقى چۈشتە يالغۇز سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. زاۋال ۋە سەيشەنبە كۈنى چىڭقى چۈشتە سەپەرگە چىقماسلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ زىددىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ نىسبەتەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەگەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن باشقا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەرگە چىقىشقا توغرا كېلىپ قالسا، باشقا كۈنلەردىمۇ سەھەردە سەپەر قىلسا بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى ئەتىگەندە سەپەر قىلغاندا كىشى تېتىك، روھلۇق بولىدۇ. ئىش ئاۋۇيدۇ، پايدا كۆپىيىدۇ، بەرىكەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە: «يولغا چىقساڭ ئەتىگەن چىق»، «يىل يۈر، ئامان يۈر» دەيدىغان گەپ بار.

ئۇيغۇرلار يەنە سەپەرگە چىقىشتا (مەيلى قىسقا سەپەر بولسۇن ياكى ئۇزۇن سەپەر بولسۇن) ئىشىكتىن سول پۇت بىلەن چىقمايدۇ. بۇ ياخشى ئىشلارنى ئوڭ قول ۋە ئوڭ پۇت بىلەن قىلىش، ئوڭدىن باشلاش ئادىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار يەنە سەپەردە ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا يانىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، مۇشۇنداق قىلسا سەپەر خەيرلىك بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار يولغا چىققانىكەن، ئۇنتۇلۇپ قالغان بەك زۆرۈر نەرسە بولمىسىلا ئارقىغا قايتمايدۇ. يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىرەر پۇتلىكاشاڭغا (مەسىلەن، يىقىلىپ چۈشۈش، ئات، ئېشەكنىڭ مۆدۈرۈپ كېتىشى، ھارۋىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشى دېگەندەك ئەھۋاللارغا) يولۇقسا، سەپەرنى داۋاملاشتۇرماي ئارقىغا قايتىپ، ئەتىسى ياكى باشقا كۈندە سەپەر قىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇشۇ كىچىك كېلىشمەسلىكنىڭ چوڭ كېلىشمەسلىككە بېشارەت ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنغان. شۇنداقلا بەزى كىشىلەر ئارىسىدا سەپەر جەريانىدا توشقان كۆرۈپ قالسا سەپەرنى داۋاملاشتۇرمايدىغان ئەھۋال بار، بۇ خۇراپىي قاراشتۇر. يەنى توشقاننىڭ ئالدى پۇتى قىسقا، كەينى پۇتى ئۇزۇن، يۈگۈرۈشى تېز بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاققا بارالمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئۇچراپ قېلىشى سەپەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا گاھ مېڭىپ، گاھ توختاشقا سەۋەب بولىدىغان كىچىك توسالغۇلارنىڭ بېشارىتى تەرىقىسىدە تونۇلۇپ، شۇ خىل ئادەت بارلىققا كەلگەن.

«سائەتنامە»دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «بىلىڭلاركى، تارازا يۇلتۇزى، زۆھەل ۋە مىررىخ يۇلتۇزلىرى ئون ئىككى كۈندە پەلەكنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ ھەم ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدا، بېشىڭىزغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئادەم بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، يەنى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، يا ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا ۋە باشقا ھەرقانداق بىر ھاجەت ئۈچۈن تەييارلانغاندا يۈزىنى ستارە سەكرى يۇلتۇزىغا قاراتمىسۇن. بولمىسا ھەممە ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەكرى يۇلتۇزنىغا كەينىنى قىلسا، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.» «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»دا بۇ مەزمۇنلار يەنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئاي سەرەتان بۇرجىغا، ئەسەد بۇرجىغا، ئەقرەب بۇرجىغا، جەددى بۇرجىغا، دەلۋە بۇرجىغا توغرا كەلگەندە سەپەرگە چىقىشتىن پەرھىز قىلىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇرلار بىر قانچە كۈنلۈك سەپەرگە چىققان بولسا، يولدىكى ئۆتەڭلەردە قونۇپ ماڭىدۇ. سەپەرگە چىققۇچىلار يول يۈرۈپ كەچ بولۇپ كەتسە داۋاملىق يۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يول يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. بۇ ھەقتە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»دا ئاۋۋالقى كېچىدە يول يۈرۈشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندا سەپەر قىلغۇچىغا خەتەر يېتىدىغانلىقى، كېچىسى سەپەر قىلىدىغان ئادەم يېرىم كېچىدىن كېيىن سەپەر قىلىشى لازىملىقى بايان قىلىنغان. ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاسمان ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلەر سەۋەبىدىن، سەپەر قىلغاندا قايسى چاغدا قاياققا سەپەر قىلماسلىق ھەققىدىمۇ پەرھىزلەر بولغان. ئەمما يېقىنقى زاماندا بۇ يوقىلىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ئەسەرلەردە سەپەرنى قايسى كۈندە قايسى يۆنىلىشكە قاراپ قىلىش ھەققىدە بەزى خاتىرىلەر بار. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

«بارما مەشرىق سارىغە دۇشەنبى،
يەنە شەنبەكى، ئەيلىدىم تەنبىھ.
روزى يەكشەنبە ھەست، ئازنە،
بارما مەغرىبكە، كەلتۈرەر كىنە.
يەنە سەيشەنبە، چاھار شەنبىدۇر،
سۇ قۇي سارى (شىمال) بارماغان خوبدۇر.
پەنجشەنبە سۇيۇقارى (جەنۇب) بارما،
مەنفەئەت يوقتۇر، بىھۇدە هارما.»

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرىكى دەۋرلەردە شەنبە ۋە دۇشەنبە كۈنىدە شەرققە سەپەر قىلىشتىن، يەكشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدە غەربكە سەپەر قىلىشتىن، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىدە شىمال تەرەپكە سەپەر قىلىشتىن، پەيشەنبە كۈنىدە جەنۇبقا سەپەر قىلىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بولغان. ھازىرقى دەۋردە قايسى كۈندە قايسى تەرەپكە سەپەر قىلماسلىق ئەنئەنىسى يوقالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئادىتىدە يەنە سەپەر قىلغۇچى كىشى بىر شەھەردە يىتىنە ـ پاسات، ۋابا كېسىلى، چۇما كېسىلى ۋە باشقا كۈچلۈك تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تارقالغانلىقىنى بىلسە، ئۇ شەھەرگە سەپەر قىلماسلىق ياكى ئۇ شەھەرگە كىرمەي ئۆتۈش ئادىتى بولغان. بۇ پەرھىز ئىنتايىن ئىلمىي ۋە ئىجابىي بولۇپ، بۇنىڭ ئاشۇ كېسەللىكلەرنىڭ يەنىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى چەكلەشتە چوڭ رولى بار. ئۇيغۇرلار ئەگەر بىر شەھەرگە بارغاندىن كېيىن يىتىنە ـ پاسات پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ شەھەردىن ئالدىراپ ـ تېنەپ قاچمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار سەپەرگە ئىتنى بىللە ئېلىپ چىقمايدۇ ۋە يەنە يىلپىز ۋە قاپلاننىڭ تېرىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ سەپەرگە چىقمايدۇ. ئۇيغۇرلار «ئىتنى ھەمراھ قىلغان ۋە قاپلاننىڭ تېرىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرگەن جامائەتكە پەرىشتە ۋە مەلائىكىلەر ھەمراھ بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كېچىسى يول يۈرگەندە ئىسقىرتىپ مېڭىشى چەكلىنىدۇ. سەۋەب شۇكى، كېچىدە ئىسقىرتىپ ماڭسا، جىننى چاقىرغانلىق بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما، ئىت هاۋشىغان يەرگە بار»، «قۇشقاچ باسقان يەردىن قاچ»، «يامان يولداشتىن تاياق ياخشى، يامان ئاتتىن ئاياغ ياخشى»، «قاشالڭ ئات مىنگىچە، پىيادە ماڭ ئۆلگۈچە» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بار.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىكى تاق ساننى ئۇلۇغلاش قارىشىغا ئاساسەن، سەپەردە كارۋان تۆگىلىرىنىڭ سانىنىڭ جۈپ بولۇشىدىن پەرھىز قىلغان. شۇڭا تۆگىلەرنى بەش، يەتتە، توققۇز... دېگەندەك تاق سانلاردا قىلىپ يۇرتلار ئارا تىجارەت قىلغان. ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار سەپەر جەريانىدا گىرەلەشمە يوللارغا دۈچ كەلسە ۋە بارىدىغان يولى قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشى بويىچە ئوڭ قول تەرەپتىكى يولغا قاراپ ماڭىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇرلار يەنە سەپەر جەريانىدا ئۇلاغقا كۆپ يۈك ئارتمايدۇ، ئۇلاغنى بەك ئۇرمايدۇ، بۇ سەپەر ھەمراھى بولغان ئۇلاغنى ئاسراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرھىزدۇر.

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچى ئۆزىنىڭ شەخسىي تازىلىقى، ئۆزى ئولتۇرغان هارۋا ياكى مەپىنىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىدۇ، سەپەر جەريانىدا يول يۈزىدە ياتقان تاش ۋە

باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان تىكەن چاغلىق نەرسە-
لەرنى كۆرگەن بولسا ئېلىۋېتىدۇ، يولغا قالايمىقان چولڭ -
كىچىك تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، يولغا يەنە قالاي-
مىقان مىشقىرمايدۇ ۋە تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرغاندا ۋە تۈ-
كۈرگەندە ئالدىغا ياكى ئولڭ تەرىپىگە تاشلىمايدۇ، بەلكى
سول تەرەپ ۋە ئارقىسىغا تاشلايدۇ ۋە تاشلانغان نەرسە-
نى ئامال قىلىپ كۆمۈۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئەخلەت،
شۆپۈك - شالتاق نەرسىلەرنى، زەھەرلىك بۇيۇملارنى سە-
پەرگە ئېلىپ چىقماسلىق كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئاياللارنىڭ يالغۇز سەپەرگە چىقىشىنى
چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ بىرەر كىچە قونۇپ مېڭىشقا توغرا كې-
لىدىغان ئۇزاق سەپەرگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ.
شۇڭا ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى يالغۇز ياكى بىۋاستە تۇغقە-
نى بولمىغان ئەرلەر بىلەن سەپەر قىلىشتىن قاتتىق چەكلە-
نىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ھەتتا ئاياللار يالغۇز سەپەر قىلسا
بولىدىغان مۇساپىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋاقتقا سۇندۇرۇلۇپ بەل-
گىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان.

ئۇيغۇرلاردا سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى شۇ
ئۆيدىكى بالىنى ئالدىراپ كەلگەن پېتى قولىغا ئالمايدۇ.
چۈنكى خەلقىمىزدە بۇنداق بولغاندا شۇ كىچىك بالىغا
«يول ئىسسىقى ئۆتۈپ قالىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

### سەپەردىن قايتىش ئەدەپلىرى

دۇنيادا ئاخىرلاشمايدىغان سەپەر يوق، «ئات ئايلە-
نىپ، ئوقۇرىنى تاپار»، «كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن
كەلمەس» دېگەندەك، ھەرقانداق بىر سەپەر چوقۇم
ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە
چىققان كىشى ئامال بار ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ، سەپىرىنى
تاماملاپ ئۆز يۇرتى، ئائىلىسىگە تېز قايتىشنى ئەۋزەل بى-
لىدۇ. سەپەردىن قايتقاندا تۆۋەندىكى ئەدەپ - قائىدىلەر-
گە رىئايە قىلىدۇ:

ئۇيغۇرلاردا سەپەر قىلغۇچىلار سەپەر قىلىشتىكى
مەقسەت - مۇددىئا، ئارزۇ - نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇپ بولغان ھامان ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرايدۇ.
چۈنكى دانالىرىمىز: «سەپەر دېگەن ئازابنىڭ بىر پارچە-
سىدۇر، ئۇ بىرىڭلارنى تائامدىن، ئىچىملىكىدىن، ئۇيقۇ-
سىدىن توسۇپ قويىدۇ، شۇڭا سەپەرگە چىققان ئادەم مەق-
سىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرى-
سۇن» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما «ئۆيگە ئالدىرىدىم»
دەپ، ئۆزى ۋە ئۇلاغ - ئاتلىرىنى قەتئىي چارچىتىپ قوي-
ماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تە مۇنداق دېيىلگەن: «ئالدىرىغان ئۆيگە يېتەل-
مەس. چۈنكى، ئۇ ئالدىراپ چاپتۇرغانلىقتىن ئۇلىغى
ھېرىپ كاردىن چىقىدۇ - دە، ئۇلاغسىز قېلىپ ئارماندا قا-
لىدۇ.» مانا بۇ ماقالىدە كىشىلەرنى ئىشلاردا ئالدىراقسان
بولماي، تەمكىن بولۇشقا ئۈندەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا سەپەردىن قايتقۇچى كىشى ئات -
ئۇلاغ ۋە قاتناش قوراللىرى بىلەن سەپەردىن قايتىشنى
مەقسەت قىلسا، سەپەرنىڭ ئەدەپلىرى قاتارىدا خەيرلىك
دۇئا ۋە تىلەكلەرنى تىلەيدۇ ۋە سەپەردىن قايتىش جەريا-
نىدا ئۆزى ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم -
كېچەكلەرنى، شۇنداقلا ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئائىلىسىدىكە-
لەر ۋە كۆڭلى يېقىن كىشىلەرگە بەزى سوۋغاتلارنى ئېلىۋا-
لىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىققان ئادەم سەپەر-
دىن قايتقاندا تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلارغا ئاز
بولسۇن، كۆپ بولسۇن سوۋغا - سالام ئالغاچ بارىدىغان
قائىدە بار. قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز بىر - بىرىگە
بولغان ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئېھتىرامىنى سوۋغاتنىڭ ۋا-
سىتىسى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. سوۋغا بېرىش ئادىتى
ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان
بولغاچقا، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە
بەزى بايانلار بار. مەسىلەن، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»
تىمۇ سوۋغا بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆپ
ئۇچرىتىمىز، مەسىلەن، «بەلەك — بولەك، سوۋغات،
تارتۇق.» «ئارماغان — سەپەردىن قايتقان كىشىنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسى. ئوغۇزچە.
بۇ سۆزنى باشقىلار ‹يارماقان› دەيدۇ. بۇ ‹ئامۇچ —
سوۋغا› دېمەكتۇر.» دەيدۇ. يەنە «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»تە مۇنداق شېئىرىي پارچىمۇ بار:

«قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا
ھۆرمەت قىلغىن،
سوۋغات ئالساڭ (جاۋابەن)،
ۋاقتىدا قىممەتلىك مال تەييارلىغىن.»

ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارغا ياخشىلىق
قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە؛ ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ، تېخى-
مۇ قىممەتلىك سوۋغا تەييارلا.»

ئۇيغۇرلاردا يەنە سوۋغا بەرگەندە دىققەت قىلىشقا تې-
گىشلىك بەزى ئادەت ۋە يوسۇنلار شەكىللەنگەن بولۇپ،
كىشىلەر بۇ ئادەتلەرنى دائىم تىلغا ئېلىپ يۈرمىسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوۋغا بەرگەندە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن، باشقىلار سوۋغا بەرگەندە، «قانچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ نەدىن ئالدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا قەتئىي بولمايدۇ. باشقىلار سوۋغا بەرگەندە، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، «سوۋغىتىڭىزغا رەھمەت!»، «مەن ناھايىتى ياقتۇردۇم»، «بۇ مەن ئۈچۈن بەك ياخشى سوۋغات بولدى» دېگەندەك مىننەتدارلىق سۆزلىرى بىلەن قوبۇل قىلىش ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن، رەت قىلىش ئەدەپتىن ئەمەس، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن سەپەردىن ساق - سالامەت، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپلەپ شۈكۈر ئېيتىدۇ، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى ئائىلىسىدىكىلەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرمەيدۇ، بولۇپمۇ سەپەردىن كېچىدە قايتىپ كەلگەندە ئالدىن خەۋەر بېرىۋېتىپ ئاندىن كىرىدۇ، بالىچاقا، ئائىلىنى چۆچۈتۈۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار «ئۇزاق مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئائىلى ئۆزىنى تۇزەشتۈرمەي تۇرغان ۋاقتىدا ئېرى كېلىپ قالسا، ئېرىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. ئەمما ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن، ئائىلىسىدىكىلەر سەپەر قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا چىققان ياكى ئۆيدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا، خالىغانچە كىرسە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچىلەر ئۆيدىكىلىرى بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشكەندە، سېغىنىش سۆزلىرىنى ئېيتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تەڭ خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىق نەرسىلەرنى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەر، كۆڭلى يېقىنلارغا بېرىدۇ. شۇنداقلا سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى ئۆيدە ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەھۋال سوراپ كىرگەن كىشىلەرگە داستىخان سېلىپ تائام تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم بولغان ئۆيلەرگە بېرىپ پەتىلەپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورايدۇ، تەسەللى بېرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئىنساننىڭ ھاياتى سەپەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ماھىيەتتە بىز تۇغۇلۇشىمىزدىن ئۆلۈشىمىزگىچە سەپەر ھالىتىدە ياشايمىز. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئەدەپلىرى، پەرھىز ئادەتلىرىدە يېقىنقى مەزگىللەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. نەتىجىدە بەزى سەپەر ئەدەپلىرى، بەزى پەرھىز چەكلىمىلەر تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىدى. ئەمما يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان سەپەر ئەدەپلىرى، پەرھىزلىك ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر پائالىيەتلىرىدە ھېلىھەم مەۋجۇت. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىش بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى سەپەر پائالىيىتى توغرىسىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2015 - يىل 1 - نەشرى.

② ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ئابلىمىت ئەھەت نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى، 2011 - يىلى 1 - نەشرى.

③ «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، مۇھەممەد رەھىم تۈزگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 2 - نەشرى.

④ موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى: «ئەدەبۇسسالىھىن» مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى، 2009 - يىلى 1 - نەشرى.

⑤ «سائەتنامە» پەرىدە ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 3 - سانى.

⑥ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل 1 - نەشرى.

⑦ «يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ نەسىھەتلىرى»، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2008 - يىلى 1 - نەشرى.

⑧ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «قائىدە - يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 - يىلى 1 - نەشرى.

⑨ ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى 1 - نەشرى.

⑩ ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ: «مىراس ئەدەپلەر»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2013 - يىلى 1 - نەشرى.

⑪ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 6 - سانى



(ئاپتورلار: مۇھەممەدجان تىلىۋالدى پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان.
ئامانۇللا ھېزبۇللا شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن)



# جىگدە ھەققىدە

ئابدۇكېرىم تۇردى

شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، پەيزاۋات، يەكەن، مارالبېشى، يوپۇرغا، مەكىت قاتارلىق جايلاردا جىگدە دەرىخىنىڭ 25 خىلدىن ئارتۇق تۈرى بار، ھەممىسى مېۋىلەيدۇ.

مەسىلەن، يېمىش جىگدە، نان جىگدە، سېرىق جىگدە، قاپاق جىگدە، قاغا جىگدە، ياۋا جىگدە، قۇم جىگدە، ئالتۇن بارماق جىگدە، قارا كۆز جىگدە، كۈمۈش جىگدە، چىلگە جىگدە، تەسۋىر جىگدە، قىشلىق جىگدە، ئۇرۇقلۇق جىگدە، يەم-بوغۇزلۇق جىگدە، چىتلاق (شوخىلىق) جىگدە قاتارلىق تۈرلىرى ئۆسىدۇ.

ئاتا-بوۋىمىز يۇقىرىقى تۈرلەر ئىچىدىن دەسلەپتە يېمىش جىگدە دەرىخىنى ئۆستۈرگەن. يېمىش جىگدە جىگدە دەرىخىنىڭ ئىلغار سورتى بولۇپ، مېۋىسى يوغان، ئەتلىك، تەمى ياخشى، يېيىشلىك. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھ-لىق لۇغىتى»، 1999-يىلى ئۇيغۇرچە، 1439-بەت)

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يىگدە: (جىگدە) (3-توم، 39-بەت) دەپ ئىزاھلانغان.

خەلقىمىز تېخى سالمىغان ياكى يېڭى سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئالدىن پىلانلاپ ھويلا-ئاران، ئېرىق-ئۆستەڭ قاشلىرى قاتارلىق جايلارغا يېمىش جىگدە تىكىپ ئۆستۈرگەن.

يىمىش جىگدە دەرىخىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر يېرىم يىل بۇرۇن بوز بېنەم، سېغىزسىمان، قاقاسلىق، قۇم سال يەرلەرنى ئېگىز قىرغا ئېلىپ، يەر يۈزىنى ئوبدان تۈزلەپ، مۇقىم بولغان ئانا-بالا ئېرىقلارنى تەييارلاپ، كەچ كۈزدە ئېتىزغا سۇ باشلاپ، زېمىننى سۇغا تويۇندۇ-رۇپ، مۇز ياتقۇزۇپ ئېتىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ، كېلەر يىلى كۆز پەسلىدە ساپان بىلەن يەرنى يۇمشاق ھەيدەپ، يېمىش جىگدە ئۇرۇقى تېرىلىدۇ. باش باھاردا يېمىش جىگدە دەرىخىنىڭ باشمالتاق تومۇلۇقتىكى شاخلىرىنى ئۆل-چەملىك 30 سانتىمېتىردىن كەسلەپ، قەلەمچە قىلىنىدۇ. ئاندىن يېمىش جىگدە بىلەن ئارىلاش تېرىلغان قاپاق جىگدە، قاغا جىگدە كۆچەتلىرىنى يۆتكەپ، ئۇنىڭغا يېمىش جىگدىدىن كۆز قويۇپ ئۇلاش ئارقىلىق يېمىش جىگدە باغلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ. يېمىش جىگدە كۆچەتلى-رى ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، چىلان، ئۈزۈم كۆچەتلىرى-دەك پەرۋىش قىلىنىدۇ.

يېمىش جىگدە چېچىكى خۇددى ئەتىرگۈلدەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پۇرايدۇ، غولى پولاتتەك چىڭ، مېۋىسى ئالتۇن رەڭ، يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى كۈمۈش رەڭ بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «يەرلىك خورما»، «كېسەك ئالتۇن»، «كېپەك ئالتۇن» دېيىشىدۇ. يېمىش جىگدە چېچىكىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولغاچقا، مەنى قوزغاش، كۆكرەك ئاغرىقى، دەم سىقىلىش، 12 بارماق ئۈچەي ئاغرىقى، ئاشقازان، جىگەر، تال ۋە بۆرەكتىكى توسالغۇلارنى ئېچىشقا پايدىلىق. شۇڭا جىگدە چېچىكىنى قۇرۇتۇپ قايناتسىپ، كاۋاۋىچىن، پىل - پىل قاتارلىقلارنى سېلىپ ئىچسە شىپا قىلىدۇ. يېمىش جىگدە چېچىكىنى 2 - پەسلىنىڭ بېشىدا ئېلىپ 6 - ئاينىڭ ئاپتىپىدا قۇرۇتۇپ، گۈلقەنت ياساپ، ئەر - ئاياللاردىكى بەل، پەي، تارغاق، بارماق، تىز، بالىياتقۇ، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتسە ئۈنۈمى زور. شۇڭا يېمىش جىگدە چېچىكىدە بېقىلغان ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسلىنىڭ كىلوسى قىممەت باھادا سېتىلىدۇ.

يېمىش جىگدىنىڭ مېۋىسى باش كۈزدە يىغىۋېلىنىدۇ. جىگدىزارلىقنىڭ ئىگىسى بۇ چاغدا مۇنداق ئادەت - قائىدىلەرنى قىلىدۇ:

ئالدى بىلە شۇ كۈنى ياغ پۇرۇتۇپ، بىر داس قۇيماق سالىدۇ. ئاندىن باغ ئىچىدىن «جىگدە سېرىش چېيى» قىلىدىغان جاينى تەييارلاپ، يىگىتبېشىنى بەلگىلەپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇم، دوست - يارەنلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ.

كىشلەر يىغىلغاندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يىگىتبېشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ:

1) يېمىش جىگدە يىغىۋېلىشقا قاتناشقان چوڭ - كىچىكلەر جىگدە يىغىش جەريانىدا خالىغانچە يېسە بولىدۇ.

2) ئاتا - بالا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا ھەرقانداق چاقچاق قىلىشمايدۇ.

3) جىگدە سۇپەتلىك يىغىلىشى، مىجىپ ياپىلاق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

4) قالايمىقان دەسسەشكە، قېقىلغان جىگدە ئۈستىگە تۆكۈرۈشكە، مىشقىرىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

5) ھاجەت قىلغۇچى مەيلى قانچە كىچىك بولسىمۇ چوقۇم ھاجەتخانىغا بېرىش كېرەك.

6) جىگدە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن چوڭلارغا بىر يايما (چوڭ سېۋەت)، كىچىكلەرگە كىچىك سېۋەتتە بىر جىگدە بېرىشتىن سىرت، ھەممىسىگە بىردىن كاكچا نان بېرىلىدۇ.

يېمىش جىگدىنى شاختىن قاققاندا ئالدى بىلەن جىگدە دەرىخى ئەتراپىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، يەرگە شىلدىرشاپ، داستىخان، ئەدىيال، سولياۋ قاتارلىقلارنى سېلىپ، جىگدە شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتمەي، بوي يەتمىگەن شاخلارغا شوتا قويۇپ قول بىلەن سېرىپ يىغىۋېلىنىدۇ.

يىغىۋېلىنغان جىگدىلەرنى غەلۋىر، سىم تاسقاقلاردا تاسقاپ ئەخلەت - چاۋادىن ئايرىپ، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىلارغا يېيىپ قۇرۇتۇپ قاق قىلىدۇ.

قاق بولغان يېمىش جىگدىنى بادالڭ، سېۋەت، كات، ساندۇق، تاغارلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى داكىلار بىلەن يېپىپ، سالقىن ئۆيلەرنىڭ مەخسۇس ياغاچتا ياسالغان تەكچىلىرىدە ساقلايدۇ. يېمىش جىگدە قېقىغا كاۋاۋىچىن، قارمۇچ، قوۋزاق، لاچىندانە، تۇزلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ئاسانلىقچە قۇرۇت چۈشمەيدۇ.

يېمىش جىگدە مېۋىسىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىچ سۈرۈش، مەنىنى تورمۇزلاش، قان تازىلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يەل ھەيدەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، تولغاق، قۇسۇش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، سۈيدۈك تامچىلاش، ئاغزى - بۇرنىدىن سۇ قۇيۇلۇش، پۇت - قول، بەدەن ئىششىپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدۇ، ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەرگە ياقىدۇ. مېۋىسىدىن باشقا ئۇنىڭ يىلتىزى، قوۋزىقى، يوپۇرمىقى، يېلىمى، كۆيدۈرۈلگەن چاغدىكى چوغى، كۈلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دورا ماتېرىياللىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

يوپۇرمىقنى ئېزىپ جاراھەت ئاغزىغا سەپسە، يارا ئاغزى قۇرۇپ تېزلا ساقىيىدۇ.

جىگدە يېلىمى سۇنۇق داۋالاشقا ئىشلىتىشتىن باشقا قىزلارنىڭ چېچىنى ئاسراش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

جىگدە چوغىدا سوغۇق يەللىك پۇت - قول، بەل ئۆستىخانلارنى قاقلىسا ئالاھىدە مەنپەئەت قىلىدۇ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1) مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1 - ،2 - ، 3 - توملار، ئۇيغۇرچە).

2) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (تەبىئىي پەن قىسمى)، 2 - سان، 61 - بەت.

3) «مىراس» ژۇرنىلى، 2011 - يىلى 3 - سان، 11 - بەت.

4) «مىراس» ژۇرنىلى، 2012 - يىلى 2 - سان، 67 - بەت.

5) «مىراس» ژۇرنىلى، 2013 - يىلى 4 - سان، 25 - ، 26 - بەتلەر.


(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسيونېرى)

# ئۇيغۇرلاردا

# ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق مەدەنىيىتى









**ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

بوياق — بوياش، رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا بولۇپ، ئۇيغۇرلار رەخت، يۇڭ ۋە يىپلارنى بوياش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنى بوياقچى، بوياق بىلەن بوياش كەسپىنىڭ نامىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بوياقچىلىق دەپ ئاتىغان. بوياق رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بوياقچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىل-پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، قىزىل، كۆك، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، زەڭگەر ۋە ئاق قاتارلىق يەتتە خىل ئاساسىي رەڭنى بىلىش بىلەن بىللە، شۇ يەتتە خىل رەڭنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئارىلاشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان رەڭ تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، بوياق ۋە بوياقچىلىق مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ئىشلىگەن ۋە ئىشلەنگەن بوياقلارنى كېلىش مەنبەسىگە قاراپ، ئۆسۈملۈك بوياقلىرى، مەدەن بوياقلار ۋە ھايۋانات بوياقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە، ئىش قوشۇپ ئىشلىتىش ياكى بىۋاستە ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قاراپ تەبىئىي بوياق ۋە ياسالما بوياق دەپ ئىككى تۈرگە، بوياق رەڭلىرىنىڭ ئىچكى مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، يات رەڭ، پەرقلىق رەڭ، ساختا رەڭ، خىلداش رەڭ، قوشنا رەڭ دېگەن بەش تۈرگە، رەڭ گىرادۇسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ئىسسىق رەڭ ۋە سوغۇق رەڭ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن.

ئۆسۈملۈك بوياقلىرى — ئەتراپىمىزدىكى تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋە پوستى، چېچىكى، مېيى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان قىسمىنى بىۋاستە ئىشلەتكەن بوياقلارنى كۆرسىتىدۇ. خەلقىمىز ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنى ياساش ئۈچۈن، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن دەل-دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋە

پوستى، چېچەكى، شۆپۈكى، مېيى، يىلتىزى قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

گۈلسۈرۈق — يەنە بىر ئاتىلىشى قىزىلگۈل بولۇپ، ئەتىرگۈلنىڭ قىزىل ئېچىلىدىغان ئالاھىدە بىر تۈرى. ئادەتتە بوياق ۋە پەرداز بۇيۇملىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، گۈل بەرگىدىن گۈلقەنت ياسىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قارا ئۈجمە — ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر ھەم قارا رەڭدە بولىدۇ. قارا رەڭلىكى قارا ئۈجمە دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە ئىستېمالمۇ قىلىنىدۇ ھەم بوياق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

زاراڭزا چېچەكى — زاراڭزا مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدىكى تىكەنلىك يوپۇرماق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. چېچەكى سارغۇچ قىزىل كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ، چېچەكى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

شاتارىي — رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ تىك ئۆسىدۇ، پارقىرايدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق ۋە پۇراقلىق كېلىدۇ. مېۋىسى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، ئۇنى سېرىق بوياققا ماتېرىيال قىلىدۇ.

ئانار پوستى — ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق. گۈلى قىزىل، ئاق ياكى سېرىق رەڭدە. مېۋىسى شارچە شەكلىدە بولۇپ، ئانارنىڭ پوستىنى قاينىتىپ، ئازراق قىزىل رەڭ ئارىلاشتۇرۇپ، جىگەر رەڭ بوياق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

ئانارگۈل — شەكلى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدىغان، مېۋە بەرمەيدىغان ئۆسۈملۈك. ئۇ ئادەتتە تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ.

جىگدە پوستى — جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئۇچكىلىك، مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ. قوۋزىقى ۋە غولىدىن چىقىدىغان يېلىمى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. جىگدە يېلىمى باسما بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان رەڭلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇلسا، رەڭ تاراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. جىگدە دەرىخىنىڭ غول قوۋزىقىنى ئىشلىتىپ، توق ئەترەڭ بوياق ياساپ چىقارغىلى بولىدۇ.

ياڭاق پوستى — ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپس شەكلىدە، ئۇچكىلىك، مېغىزى شار شەكلىدە بولىدۇ. سىرتقى مېۋە شۆپۈكى سىلىق، ئىچكى مېۋە شۆپۈكى قاتتىق ۋە بۇدۇر-بۇدۇر بولىدۇ. ماكىلانغان (يېرىلغان) ۋاقتىدىكى پوستى قىممەتلىك بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. مېغىزى ئىستېمال قىلىنىدۇ. مېغىزىدىن مايمۇ ئېلىشقا بولىدۇ، ئېلىنغان ماي ياڭاق مېغىزى مېيى دەپ ئاتىلىدۇ. ياڭاق مېۋىسىنىڭ كۆك پوستىنىڭ رەڭلىك ماددىسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، خەلقىمىز ياڭاق كۆك پوستىنى سالقىن جايغا يېيىپ، قۇرۇتۇپ، سوقۇپ يۇمشىتىپ، تەبىئىي بوياق ماتېرىيالى قىلغان. ياڭاق كۆك پوستىدا بىر خىل قارا بوزغا مايىل رەڭ ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا رەخت بويىغاندىن سىرت، يۇڭ-تېرىلەرنى بوياشقىمۇ ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ تەلپەك، تۇماق تىكىدىغان قول ھۈنەر ئۇستىلىرى تېرە يۇڭىنىڭ قېنىق، رەڭلىك، پارقىراق بولۇشى ئۈچۈن، ياڭاق كۆك پوستىنى كەڭ ئىشلىتىدۇ. يەنى ياڭاقنىڭ كۆك پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلتېرىنىڭ ئۈستىگە تەكشى يېيىپ، ئاندىن ئۇنى قاتلاپ قويسا تېرىنىڭ مويلىرى ياڭاق كۆك پوستىنىڭ رەڭگىنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ. مۇنداق بويالغان ئەلتېرىنىڭ رەڭگى پارقىراق، قېنىق بولۇپ، ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ، پارقىراقلىقىنى يوقاتمايدۇ.

ياڭاق پورى — بۇ قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ غولىدىن قوۋزاق سىرتىغا ئۆسۈپ چىقىدىغان قىسمى بولۇپ، شەكلى ئۈجمە پورىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا جىگەر رەڭ، قۇرۇغاندا قارىغا مايىل رەڭگە كىرىدۇ، ياڭاق پورى قوڭۇر رەڭ بوياق ئىشلەشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

پىياز پوستى — پىياز يوپۇرمىقى نەيچىسىمان ئۇزۇن ئۆسىدىغان، ئاساسلىق مېۋىسى يەر ئاستىدا قات-قات تۈگۈنەك بولىدىغان، تۈگۈنىكى ۋە باش يوپۇرمىقى كۆكتات ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك. پوستى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ھېيت-بايراملاردا پىشۇرۇلىدىغان ياكى پىشۇرۇلۇپ بازاردا سېتىلىدىغان تۇخۇملار پىياز پوستى، دەرەخ پورى، قاراگۈل، گۈلسۈرۈق ۋە ئۆرۈك قوۋزىقى قاتارلىق بىلەن بىللە قاينىتىش ئارقىلىق بويىلىپ رەڭدارلىقى

ئاشۇرۇلىدۇ.

ئۈجمە قوۋزىقى — ئۈجمە ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر بولۇپ تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈجمىنىڭ قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

ئۈجمە پورى — قېرىغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ غول سىرتىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان قىسمى بولۇپ، ھىلال ئاي شەكلىدە ئۈستى تۈز، ئاستى كۆپۈنكى ھالەتتە بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا سېرىق، قۇرۇغاندا قېنىق قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ، بۇنىڭدىن كاۋا چېچەكى رەڭ ۋە پور رەڭ ياسىغىلى بولىدۇ.

يۇلغۇن چېچەكى — يۇلغۇن يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. كونا شاخلىرى قىزىل رەڭدە، يوپۇرمىقى تەڭگە شەكلىدە. گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى غوزىلىق بولۇپ، ئۇرۇقىدا تۈكلىرى بار، دىياردىمىز شىنجاڭدا ئۇنىڭ توققۇز خىل تۈرى بولۇپ، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ. چېچەكى قىزىلغا مايىل سۇس سۆسۈن بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدە بولىدۇ. يۇلغۇن ئۇرۇقى داۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەكلى كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆكۈچ قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا زاك، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى قوشۇپ، قارا رەڭ بوياق تەييارلىنىدۇ. يۇلغۇننىڭ ئۇچىدا ئۆسكەن غۇژمەك غەيرىي شەكىللىك يوپۇرماقلار ۋە قۇرۇپ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى داۋانىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە قارىغاي، يۇلغۇن شىرىنىسىدىن بىر خىل رەڭ ئېلىپ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىل رەڭ بوياق ئىشلەپچىقارغانلىقى مەلۇم.

شاپتۇل چېچەكى ۋە شاپتۇل مېغىزى مېيى — شاپتۇل ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. شاپتۇلنىڭ ھال ياكى سۇس قىزىل رەڭلەردە ئېچىلىدىغان چېچەكى بىلەن شاپتۇل مېغىزىدىن ئېلىنىدىغان شاپتۇل مېغىزى مېيى ئىستېمالمۇ قىلىنىدۇ ھەم بوياق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

لەيلىگۈل — لەيلىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، قارالەيلىگۈل ۋە قارا گۈل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قارا گۈل لەيلىگۈلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. گۈلى قۇرۇغاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. قارا گۈل ھېلىھەممۇ كونا-خورۇملارنى بوياشقا ئىشلىتىلىپ، كونا-خورۇملارنىڭ يېڭى، كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن ياخشى بوياش ماتېرىيالى بولۇپ كەلمەكتە.

خېنە ـ خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غولۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇرۇقى، يىلتىزى ۋە غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولى قاننى جانلاندۇرۇش ۋە راۋان قىلىش رولىغا، ئۇرۇقى يەلنى ھەيدەش، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش رولىغا، گۈلى قاننى جانلاندۇرۇپ ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە. بوياق ماتېرىيالى قىلىنىشتىن سىرت، قىزىل رەڭدىكى گۈل تاجى ياپراقچىسى ئادەتتە قول ۋە تىرناقنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تاجىگۈل — تاجىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، تومۇ، يۇقىرى قىسمى سەل ياپىلاق، يوپۇرماقلىرى تۆۋەنلىشىپ ئۆسىدۇ. شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ. سېپى بولىدۇ.

باشاقسىمان گۈل رېتى توخۇ تاجىغا ئوخشايدۇ. گۈللىرى كىچىك، زىچ، رەڭگى قىزىل، سۆسۈن، سېرىق بولىدۇ.

ھەشقىپچەك گۈلى — يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە. ئادەتتە ئۇچكىسى يېرىلىدۇ. ئۇزۇن ساپىقى بار. گۈل تاجىسى ۋارىنكا شەكىللىك. ئادەتتە سۇس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك، تۆۋى قىسمى ئاق رەڭدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. مېۋىسى غورا مېۋە، ئۇرۇقى قارا بولىدۇ، سۇس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك رەڭلىك گۈلى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

خېنەگۈل — خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى تۇمارچە شەكلىدە، گۈلى ئاق، قىزىل، ھال، سۇس سېرىق رەڭلەردە كېلىدۇ. قىزىل رەڭدىكى گۈل تاجى ياپراقچىسى ئادەتتە قول ۋە تىرناقنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تۇخۇمەك گۈلى — پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سۇس سېرىق، چوكا مېۋىسى يۇملاق

تۇۋرۇكسمان، يىرىلمايدۇ. ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئارىلىقى بوغۇلۇپ، پۈتۈن كۆرۈنۈشى تەسۋىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇرۇقى سېرىق ياكى نىل رەڭدە بولۇپ، قىزىل رەڭ بىلەن قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يېشىل رەڭ ياكى مايسا رەڭ بوياق تەييارلىنىدۇ.

ئازغان ئۇرۇقى — ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولى ئىنچىكە، شاخلىرىدا زىچ ئۆسكەن كىچىك تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك بولۇپ خۇش پۇراق كېلىدۇ.

زىرىق-زىرىق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان بولۇپ، قىسقا شاخلىرىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، سىرتى قىزىل ئارىلاش كېلىدۇ. باش ياز پەسلىدە تاق ياكى توپلاشقان ھالەتتە ئۆسىدۇ.

شىرنىلىك مېۋىسى قىزىل رەڭدە بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ. ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىنىڭ پوستى سېرىق ياكى ئەت رەڭ بوياقنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

قارىغاي يىلمى — قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ، ئىگىز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە بولىدۇ. قارا، قىزىل ۋە يېشىل قارىغاي دېگەن تۈرلىرى بار. قارىغاي غولىدىن بىر خىل يېپىشقاق ماددا بولۇپ، ئۇ دۇبۇرقاي دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

كېۋەز غوزىسىنىڭ شاكىلى — كېۋەز تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سېرىق، مېۋىسىنىڭ شەكلى ياڭاققا ئوخشايدۇ. ئۇ غوزا دەپ ئاتىلىدۇ. غوزا ئىچىدە ئاق رەڭلىك تالا بىلەن قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇقى يەنى چىگىتى بولىدۇ. غوزىسىنىڭ شاكىلىدىن ئەت رەڭ بوياق تەييارلىنىدۇ.

قارا ئۆجمە — ئۆجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر ھەم قارا رەڭدە بولىدۇ. قارا رەڭدىكىسى قارا ئۆجمە دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئىستېمالمۇ قىلىنىدۇ ھەم بوياق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىنىئۇزۇمى — پېدىگەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئېللىپىس شەكىللىك، ساپىقى بار، گۈلى ئاق، مېۋىسى شىرنىلىك، پىشقاندا قارىيىدۇ. مېۋىسى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

رويان — رويان يەنە بىر ئاتىلىشى ئۇردان بولۇپ، ئۇردان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولىدا تەتۈر ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ. يىلتىزى سارغۇچ قىزىل، قوڭۇر رەڭلەردە بولۇپ، كونۇس شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۈرەك ياكى ئۇزۇن تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. ئايلىنىپ ئۆسىدۇ. گۈل تاجىسى سېرىق، مېۋىسى شارغا ئوخشايدۇ. رەڭگى قىزىل ياكى قارا كېلىدۇ، يىلتىزى ھال قىزىل، پور رەڭ، جىگەر رەڭ ۋە گۆش رەڭ بوياقا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

مارال قۇلاق — گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك قارامتۇل سۆسۈن رەڭلىك بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ.

ئەڭلىك ئوت — ئەڭلىك ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ساپاقسىز كېلىدۇ. مېۋىسى قاتتىق، شەكلى تۇخۇمسىمان ۋە سۇس قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ.

قاراقات — تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولىدا تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى دۈگىلەكرەك. گۈلى ئاق، مېۋىسى شار شەكلىدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، سارغۇچ، يېشىل ياكى قىزىل رەڭلىك، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ.

زەرچۆە — زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. يىلتىزسىمان غولى سوقىچاق ۋە سۆسۈن رەڭلىك بولۇپ، سېرىق بوياق ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

ئالقات — چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى كۆك رەڭ، ئېللىپىس شەكلىدە، مېۋىسىنىڭ غورا ۋاقتى كۆكۈش، پىشقان ۋاقتى قىزىل رەڭدە بولىدۇ.

كۆرۈك ئۇرۇقى — لويلا ئائىلىسىدىكى چاتقال. شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك شاخلىرىدا بوغۇملىرى بولىدۇ، گۈلى گۆشلۈك بولىدۇ. ئۇرۇقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

ئىنەك پىتى مېيى — ئىنەك پىتى يەنە بىر ئاتىلىشى

ئابدۇملىك. سامان غوللۇق، بىر يىللىق ئۆسۈملۈك
بولۇپ، يوپۇرمىقى قىزغۇچ سېرىق، پالازىسمان چولڭ،
تالالىق ھەم ئاچىماق شەكلدە بولىدۇ. ئىت ياغىقى شەك
لىدىكى غوزىسىدا قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇقى بولۇپ، ماي
تارتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆرۈك قوۋزۇقى ــ ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يو
پۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم
شەكىللىك گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ. ئاق ياكى شاپتول چېچە-
كى رەڭلىك. ئۇچكىلىك، مېۋىسى دۈگىلەك بولۇپ پىشقاند-
ىدا سارغىيىدۇ. قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئۆ-
رۈكنىڭ ئالا بولماستىن تۇرۇپلا غورىسى قىزىرىدىغان بىر
تۈرى بولۇپ، ئۇنى يەرلىك خەلقلەر «قىزىلالڭ» دەپ ئا-
تايدۇ.

سېرىق سەبدەگۈل ــ كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى
سېرىق ياكى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. گۈل بەرگىلىرى
بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

توغرىغا ــ خېمىرنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىل-
ىدىغان شاخار بولۇپ، توغراق غولىدىن ئېقىپ چىققان سۇ-
يۇقلۇقنىڭ ھاۋا تەسىرىدە قېتىششتىن ھاسىل بولغان ماددا
بولۇپ، رەڭ بوياق پەرقىگە قاراپ ئاق توغرىغا ۋە
سېرىق توغرىغا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاق توغرى-
غا ياش، سۇلۇق توغراق غوللىرىدا پەيدا بولىدۇ. دانچىلى-
رى يۇمشاق ياكى نۇرسمان كېلىدۇ.

سېرىق توغرىغا ــ تۇپراق نەملىكى ئاز، چۆل-باياۋ-
ۋانلاردا ئۆسىدىغان توغراق غوللىرىدا ھاسىل بولىدۇ.
رەڭگى سۇس سېرىق ياكى توپا رەڭ كېلىدۇ. بوياقچىلىقتا
مەيلى ئاق توغرىغا بولسۇن ياكى سېرىق توغرىغا بولسۇن
رولى ۋە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولۇپ، قەغەز ۋە رەڭ
بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ رەڭ ئېلىشىنى تېزلىتىش
ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايلا قالماستىن، بەلكى رەڭ
تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مەدەن بوياقلار ــ مەدەن بوياقلار مىنېرال بوياق-
لار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى
رەڭلىك ئانئورگانىك ماددىلار، ئاز ساندىكىسى رەڭلىنىش
شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولىدىغان كىسلاتالىق
ياكى رەڭلىك ئانئورگانىك ماددىلاردىن ئىبارەت. مىنېرال
بوياقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ماددىلاردىن تۆۋەندى-
كىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

قىزىل سېغىز، ئاق سېغىز ــ يەر پوستىنىڭ يۈزىدى-
كى بىر خىل يېپىشقاق توپا بولۇپ، قىزىل سېغىز، ئاق
سېغىز ۋە سېرىق سېغىز دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ. ساپ ھا-
لەتتىكى سېغىز گاۋلىڭ توپىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاساسلىق تەركىبى كاربون، كۆپىنچە مورا ۋە تۇرۇ-
با تاملىرىغا يېپىشىۋالىدۇ.

قىزىلتاش ــ يەنە بىر ئاتىلىشى قىزىل رەڭلىك
تۆمۈر رۇدىسى.

كۆكتاش ــ تەركىبىدە بەش مولېكۇلا كرىستال سۇ
بولغان مىس سۇلفات. يەنە كۆك رەڭلىك كرىستال
جىسىم.

زاك ــ تۆمۈر سۇلفات، تۆمۈر سۇلفات كىسلاتا
تۇزى ۋە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان ئاچ يېشىل كرىستال-
لىق قاتتىق ماددا بولۇپ، چولڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى
ھەر خىل بولىدۇ. ئالتاي، قاراقۇرۇم ۋە كۇئېنلۇن تاغلى-
رىدىن چىقىدۇ، زاكتىن پايدىلىنىپ قەتئىي ئۆڭمەس قارا
رەڭ بوياق ئىشلەپچىقىرىلغان.

مىس دېتى ــ مىسنىڭ سىرتىدا ھاسىل بولغان بىر
خىل داتتىن ئىبارەت. مۇھىم تەركىبى ئاساسلىق مىس كار-
بونات بولۇپ، پاراشوك ھالەتتە بولىدۇ. زەھەرلىك ھەم
رەڭلىك كېلىدۇ. پوجاڭزا ۋە بوياق ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

زەمچە ــ بىر خىل ئانئورگانىك يەنى كالىي سۇلفات
بىلەن ئاليومىن سۇلفاتنىڭ سۇلۇق مۇرەككەپ تۇزى
بولۇپ، ئاق سۈزۈك ياكى سارغۇچ ئاق كرىستال ماددا
ھالىتىدە بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ.
چولڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. سۇلۇق ئېرىتمىسىنىڭ
تەمى قىرتاق، زەمچە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل بوياق-
لارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇلسا رەڭ سۈمۈ-
رۈش، رەڭ توسۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە،
بوياقنىڭ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئادەتتە زەمچە سۇنى
سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تۆمۈر دېتى ــ تۆمۈر دېتى تۆمۈر زاكى دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ. بىرخىل ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى يەتتە مولې
كۇللىق كرىستال سۇدىن ئىبارەت بولغان تۆمۈر II
سۇلفات. ئۇ بىر خىل كرىستال جىسىم بولۇپ، بوياق،
سىياھ ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياساشتا خام ئەشيا قىلى-
نىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىنولىن — ئورگانىك بىرىكمە. رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئالاھىدە سېسىق پۇراققا ئىگە. دورا ۋە بوياق ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

داشقال — رۇدىدىن مېتال ئېرىتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قالغان ئەينەكسىمان ياكى تاشسىمان قاتتىق ماددا.

گىل — بىر خىل بوياق. تۇق قىزىل ياكى ئاچ قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل تۆمۈر تاشنى ئېزىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. تەبىئىيلىرى چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى ھەر خىل، تۇق، ھاۋا رەڭ ھالىتىدە، غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى تاغلاردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنى ماس ھالدىكى رەڭ بىلەن مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆك رەڭ، ھاۋا رەڭ، يېشىل رەڭلەرنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. گىل يەنە كۆپىنچە رەسىم سىزىش ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرگە بېزەك سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

قۇرۇم — قۇرۇم پاراشوك ھالەتتىكى قارا رەڭلىك قاتتىق ماددا. كاربون گىدراتلار قىزدۇرۇلغاندا پارچىلىنىش ياكى تولۇق كۆيۈپ بولماسلىق نەتىجىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى كاربون. كۆپىنچە مورا ۋە تۇرۇبا تاملىرىغا يېپىشىۋالىدۇ.

كىنوۋار — كىنوۋار ئانئورگانىك بىرىكمە. يەنە بىر ئاتىلىشى سىر سۇرۇق. ئۇ سىماب ئېلىشتىكى ئاساسلىق بىرىكمە مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى قىزىل ياكى بېغىر رەڭ بولىدۇ. ئادەتتە بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

گېپىس — گېپىس يەنە بىر ئاتىلىشى سىڭگىرتاش. ئاق ياكى سارغۇچ رەڭلىك مىنېرال يەنى كالتسىي سۇلفات (گەج). گېپىس پىشۇرۇلۇپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

سودا — ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى ناترىي كاربونات. ئاق رەڭلىك پاراشوك ياكى دانچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كۈچلۈك بولۇشتەك ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەتتە ئەينەكچىلىك، قەغەزچىلىك، سوپۇن ۋە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، توقۇمىچىلىق ھەم كۆن-خۇرۇم سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

گرافىت — بىر خىل مىنېرال (مىنېرال — يەر پوستىدا ساقلانغان تەبىئىي بىرىكمىلەر ۋە ئاز ساندىكى تەبىئىي ئېلېمېنتلارنى كۆرسىتىدۇ)، خىمىيەلىك تەركىبى كاربون. تۇق كۈل رەڭ ۋە مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى تۆۋەن، ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ. خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، ئادەتتە ساپال قازان، ئېلېكتىر قۇتۇپى، قېرىنداش سىياھى، سىلىقلىتىش مېيى، بوياق، چىرىشتىن ساقلىغۇچى سىر ۋە ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدىكى سۈرئەت ئاستىلىتىش رېئاكتىپى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

مەدەستان — ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى پلومبۇم ئوكسىد، بۇ بىر خىل سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كىرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، بوياق ياساش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

سېرىق رەڭلىك مەرگىمۇش — ئاساسلىق تەركىبى ئارسىن سۇلفت. ئۇ كاۋا چېچەكى رەڭگىدە بولۇپ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە بوياق ماتېرىيالى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نۆشۈدۈر — تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئاممونىي خلور بولۇپ، دورا ۋە بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

تەنكار — مىس دېتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىسنىڭ سىرتىدا بولغان يېشىل داتتىن ئىبارەت. مۇھىم تەركىبى ئاساسلىق مىس كاربونات بولۇپ، پاراشوك ھالەتتە بولىدۇ. زەھەرلىك ھەم رەڭلىك بولۇپ، پوجاڭزا ۋە بوياق ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

زەرنىخ — بىر خىل مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى ئارسىن سۇلفد. زەرنىخ كاۋا چېچەكى رەڭگىدە بولۇپ پارقىرايدۇ. ئادەتتە رەڭلىك ئەينەك، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە بوياق ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. زەرنىختىن يەنە زەھەرنى قايتۇرىدىغان دورىلارمۇ ياسىلىدۇ.

بوز توپىسى — ئېچىلمىغان بوز يەرلەرنىڭ ئاق رەڭلىك توپىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يېشىل زەمچە — يەنە بىر ئاتىلىشى قارا شەھەر تۇزى بولۇپ، يېشىل رەڭلىك مەدەندىن ئىبارەت. قارا شەھەردىن چىقىدۇ. ئاساسلىق خىمىيەلىك تەركىبى تۆمۈر II سۇلفاتتىن ئىبارەت.

تۇز تېشى — ئاساسلىق خىمىيەلىك تەركىبى مىس كاربونات بولۇپ، كۆرۈنۈشى خۇددى تۇزنىڭ قانتىغىلا ئوخشايدۇ.

قارا شور — قارا شورنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى

كۆچلۈك شور، ئاچچىق شور بولۇپ، گىلائوبىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خىمىيەلىك ئاتىلىشى «مىرىبىلىت تۇزى ۋە بىرتۇلىت تۇزى» دېگەن بولىدۇ. قارا شور بوياق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما كۆنچىلىكتە ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسلىق خىمىيەلىك تەركىبى — ناترىي سۇلفات. تۇرپاندىن كۆپ چىقىدۇ.

قوغۇشۇن ئېقى — يەنە بىر ئاتىلىشى قوغۇشۇن ئۇپا بولۇپ، ئاق تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى — قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات. كاربونات دېگىنىمىز كاربونات كىسلاتا تۇزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە نورمال تۇز ۋە كىسلاتالىق تۇز دېگەن تۈرگە قارىتىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال تۇز كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قوغۇشۇن ئېقى، ئاق رەڭلىك مەدەن بوياق بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل پەداز بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ. بازاردا سېتىلىۋاتقان «ئۇپا تاش» دەل شۇ بوياقنىڭ ئۆزىدۇر.

نىل — قېنىق كۆك رەڭلىك ئورگانىك بوياق بولۇپ، ئىندىگوفېرا ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۈنئىي سىنتېز قىلىنغانلىرىمۇ بار. رەختلەرنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بويالغان رەختلەرنىڭ رەڭگى ئۇزاققىچە ئۆڭمەيدۇ.

ھايۋانات بوياقلىرى — ھايۋانات تېنىدىن ئېلىنىدىغان ياكى تەبىئىي ھالدا ھايۋانات تېنىدىن چىقىدىغان بوياقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھايۋانات بوياقلىرى موردىكس، ئەنبەر ۋە بوغرا چوققا سۇيۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

موردىكس — رىم ئىمپېرىيەسى مەزگىلىدە دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا قۇلۇلە (يۇمشاق تەنلىك ھايۋان بولۇپ، تېنىنىڭ سىرتىنى كونۇسسىمان قاپچۇق ياكى ئورچۇقسىمان ۋە ئېللىپس شەكىللىك قاپچۇقلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇرما شەكىللىك سىزىقچىلىرى بولىدۇ. بۇ قۇلۇلە چىغىنىقى دەپ ئاتىلىدۇ. دېڭىز قۇلۇلىسى ۋە ئېتىز قۇلۇلىسى دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ)دىن ئېلىنىدىغان بىر خىل يېپىشقاق، قارا رەڭلىك بوياق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كىرپىك لاكى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ قۇرۇتۇلۇپ، كوكونسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ تەييارلانغان. ئەينى زاماندا موردىكس ئارىلاشتۇرۇلغان بوياقلار جۇلالىق ۋە پارقىراقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

ئەنبەر — كىت (سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ. تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. تەن شەكلى بېلىققا ئوخشايدۇ. تەن ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. ھازىرقى زامان ھايۋانلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭلىرى ھېسابلىنىدۇ) ئۈچەيدىن ئاجرىتىلىدىغان مومسىمان ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق ماددا بولۇپ، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ.

بوغرانىڭ چوققا سۇيۇقلۇقى — بوغرا (تۆت-بەش ياش ئارىلىقىدىكى ئەركەك تۆگە بولۇپ، ھەر يىلى كۆنەك ئېيىنىڭ 5-، 10-كۈنلىرىدىن باشلاپ، كېلەر يىلى ھوت ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۆيلەش مەزگىلىگە كىرىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىش بىلەن بىللە چوققىسىدىن قارا رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقىرىپ ئۇنى گەجگىسىگە ئۇرىدۇ. بۇ خىل قارا رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنى ھەر يىلى نورۇز ئېيىنىڭ ئاخىرى كىشىلەر تۆگىنىڭ چوققىسى ۋە گەجگىسىدىن ئېلىۋېلىپ، يۇڭلىرىنى تازىلىۋېتىپ، يانجىپ يۇمشىتىپ، قۇرۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ، سىياھ ياسىغان) كۆيلىگەندە چوققىسىدىن چىقىدىغان قارا رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنى ئېلىپ پۈتۈكچىلىكتە ئىشلەتكەن. بۇ خىل قارا رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇق تەركىبىدە ئەسلىدە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغان، ئەمما قۇرۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۆز ئارا بىر-بىرىدە ئېرىپ، ئاسانلىقچە رەڭگىنى ئۆزگەرمەيدىغان ۋە قەغەزگە يېيىلىپ كەتمەيدىغان بىر خىل سىياھ ھاسىل بولغان. دېمەك، نۇرغۇنلىغان تارىخىي كىتاب-ۋەسىقىلىرىمىز مۇشۇ خىل سىياھ بىلەن قەغەزلەرگە پۈتۈلۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

تەبىئىي بوياقلار — ھېچقانداق ئىش قوشۇلماي، بىۋاستە ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مىنېرال ماددىلار بىلەن دەل-دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋە پوستى، چېچىكى، شۆپۈكى، مېغى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ياسالما بوياقلار — مۇئەييەن ئىش قوشۇش ئارقىلىق مىنېرال ماددىلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋە پوستى، چېچىكى شۆپۈكى، مېغى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى، مىنېرال ماددىلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېنرال ماددىلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، مېۋە پوستى، چېچەكى، شۆپۈكى، مىيى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇش ئارقىلىق تەييار بولىدىغان بوياقلارنى كۆرسىتىدۇ.

يات رەڭ — رەڭسىز سىستېمىغا تەۋە بولغان رەڭ بولۇپ، قارا، ئاق كۈل رەڭ، ئالتۇن رەڭ ۋە كۈمۈش رەڭلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار رەڭ تۈسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينىغاچقا، «قوتۇلدۇرغۇچى رەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ساپ ئاق رەڭ ۋە ساپ قارا رەڭلەرنى تېپىش قىيىن. رەڭ سپېكتىرىدا مۇنداق رەڭ ئاساسەن يوق. شۇڭا ئاق رەڭ «ئىنفرا رەڭ — چاستوتىسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئۇزۇنلۇقى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان رەڭ»، قارا رەڭ «ئۇلترا رەڭ — ئادەتتىن تاشقىرى رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

قارا رەڭ — كۆمۈر ياكى قازان قارىسىغا ئوخشاش رەڭ تۈرى بولۇپ، ئاقنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاق رەڭ — پاختا، قار ياكى سۈت رەڭگىدىكى يەنى قارنىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدىغان رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت.

كۈل رەڭ — كۆيۈپ بولغان ئوتۇننىڭ كۈلىگە ئوخشايدىغان بىر خىل رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت.

ئالتۇن رەڭ — ئالتۇنغا ئوخشاش، سارغۇچ قىزىل رەڭدىن ئىبارەت.

كۈمۈش رەڭ — كۈمۈشكە ئوخشايدىغان رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت.

پەرقلىق رەڭ — رەڭ خىلىنىڭ ئەكسىچە بولغان، نۇر گىرادۇسىدىكى يورۇق-قاراڭغۇلۇق پەرقى زور بولغان رەڭلەرگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، قىزىل بىلەن يېشىل، سېرىق بىلەن سۆسۈن، نارەنجى بىلەن كۆك ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. پەرقلىق رەڭ كونتراست رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كونتراست بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان، پەرقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قىزىل رەڭ — قان رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قانغا ئوخشاش قېنىق قىزىل رەڭدىن ئىبارەت.

يېشىل رەڭ — كۆك بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋە ئوت-چۆپ ، دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ئارا رەڭدىن ئىبارەت.

سېرىق رەڭ — سامان، ئاپلىسىن ۋە ئالتۇن قاتارلىقلارنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

سۆسۈن — قىزىل بىلەن كۆكنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىنەپشە رەڭدىن ئىبارەت.

نارەنجى — قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان، ئاپلىسىن ياكى كاۋا چېچىكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

كۆك رەڭ — تېنىق ئاسمان رەڭگىدىكى، قېنىق ھاۋا رەڭدىن ئىبارەت، كۆك رەڭ ماۋى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسسىق رەڭلەر — نۇر ۋە رەڭ گىرادۇسى يۇقىرى، كىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان، كۆرۈش سېزىمىگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ۋە كېڭىيىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ھەمدە ئىللىق تەسىر بېرىدىغان رەڭ خىللىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، قىزىل، سېرىق ۋە نارەنجى قاتارلىقلار ئىسسىق رەڭلەرگە كىرىدۇ.

سوغۇق رەڭلەر— ئىسسىق رەڭلەرنىڭ ئەكسىچە كۆك، يېشىل، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەر سوۋۇق ۋە سوغۇق تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار «سوغۇق رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

خىلداش رەڭلەر — خاراكتېرى ئوخشاش، ئەمما رەڭ گىرادۇسىدا قېنىق-سۇسلۇق پەرقى بولغان رەڭلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قېنىق قىزىل بىلەن سۇس قىزىل.

قوشنا رەڭ — خاراكتېرى بىر-بىرىگە يېقىن ۋە ئوخشاپ كېتىدىغان رەڭلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قىزىل بىلەن نارەنجى قاتارلىقلارغا ئوخشايدۇ.

ساختا رەڭ — مىنېراللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يورۇقلۇقنىڭ قايتىشى ۋە سۇنۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولىدىغان رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىدە مىنېراللارنىڭ سىرتقى يۈزىدە ئوكسىدلىنىش تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر قەۋەت رەڭلىك پەردىنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ «ساختا رەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

تويۇنغان رەڭ — مەلۇم بىر نورمال رەڭ خىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ساپ قىزىل رەڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تويۇنغان رەڭ بولىدۇ. سۇس بىلەن قېنىق قىزىلنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى سەل ئاجىزراق بولىدۇ. رەڭلەرنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى يورۇقلۇقنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ يەنە

«رەڭ گىرادۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى قىزىل رەڭ كۈچلۈك نۇردا، كۆك رەڭ ئاجىز نۇردا تويۇنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە خىل ئاساسىي رەڭنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئارىلاشتۇرۇپ، 150 خىلدىن ئارتۇق بوياق تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزلىرى توقۇغان تۈرلۈك توقۇلمىلارنى سۈپەتلىك بوياپ كۆركەملەشتۈرۈپ، بازار سودىسىدا يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش مەقسىتىگە يەتكەن. مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىز 13-، 14- ئەسىرلەردە 200 خىلدىن ئارتۇق رەڭ تۈرىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىۋاتقان رەڭ تۈرلىرى 400 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم. تۆۋەندە بۇ رەڭلەرنىڭ بىر قىسمىنى شۇنداقلا بۇ خىل رەڭلەرنى ئىشلىتىش جەريانىدا زۆرۈر بولغان كاتاپ، تىزاپ ۋە خوجايىل قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

نىل رەڭ — قېنىق كۆك رەڭلىك ئورگانىك بوياق. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، رەختلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، رەڭگى ئاسانلىقچە ئۆڭمەيدۇ.

جىگەر رەڭ — جىگەرگە ئوخشاش قارامتۇل قىزىل بىر خىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ، بىغىر رەڭ يەنە خورما رەڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

قوڭۇر رەڭ — قىزىلغا ئاز مىقداردا يېشىل قوشۇلغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

شەلپەر رەڭ — قىزىل ئاپپېلسىننىڭ پوستىغا ئوخشاش بىر خىل قىزغۇچ سېرىق رەڭدىن ئىبارەت.

زىغىر رەڭ — قوڭۇر بىلەن ئاز مىقداردىكى سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ يەنى پور رەڭدىن ئىبارەت.

مىس رەڭ — مىسنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش قىزغۇچ بېغىر رەڭدىن ئىبارەت.

ناۋات رەڭ — ناۋاتنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

قارا كۆك رەڭ — قارىغا مايىلراق بولغان كۆك رەڭ يەنە توق قېنىق كۆك رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

قارامتۇل — قارىغا مايىل، ئاچ قارا، سەل قارا رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

نوقۇت رەڭ — نوقۇتنىڭكىدەك سۇس سېرىق رەڭدىن ئىبارەت.

ئاق سېرىق رەڭ — ئاقۇچ سېرىق، ئاققا مايىل سېرىق رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

پاختەك تۆكى رەڭ — پاختەكنىڭ تۆكىگە ئوخشايدىغان سۇس كۈل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

يۇلغۇن چېچەكى رەڭ — يۇلغۇن چېچىكىگە ئوخشاش رەڭ. يەنى قىزىلغا مايىل سۇس سۆسۈن بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

شاپتۇل چېچەكى رەڭ — شاپتۇل چېچىكىگە ئوخشايدىغان ئاچ قىزىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

چىلان رەڭ — چىلاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان قارا قىزىل بىر خىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

ئەت رەڭ — ئاز مىقداردىكى قىزىل ۋە سېرىققا تېخىمۇ ئاز مىقداردىكى كۆك قوشۇلۇپ سۇس تەڭشىلىپ ھاسىل بولىدىغان، رەڭگى ئەتكە ئوخشايدىغان مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

ھال رەڭ — ئاچ قىزىل، قىزغۇچ ۋە شاپتۇل چېچەكى رەڭگىدە بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

ھاۋا رەڭ — ئوچۇق سۇس كۆك بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

گۈل رەڭ — گۈلگە ئوخشاش قىزىلغا مايىل كېلىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت.

گىلاس رەڭ — گىلاس رەڭگىگە ئوخشاش توق قىزىل كېلىدىغان رەڭ تۈرىدىن ئىبارەت.

قارا قوڭۇر رەڭ — قارىغا مايىلراق بولغان قوڭۇر رەڭدىن ئىبارەت.

قارا كۆك رەڭ — قارىغا مايىلراق بولغان كۆك رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

قېنىق سېرىق رەڭ — توق سېرىق رەڭدىن ئىبارەت.

قېنىق كۆك رەڭ — توق كۆك رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

قىزغۇچ سېرىق — قىزىلغا مايىلراق سېرىق، مەلۇم دەرىجىدە قىزىلغا يېقىنراق رەڭدىن ئىبارەت.

قىزىل توپا رەڭ — توپا رەڭگە ئاز مىقداردا قىزىلنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كاۋا چېچەكى رەڭ — قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

ئىسلىق يېشىل رەڭ — قارىراق ياكى قارىغا مايىل يېشىل رەڭدىن ئىبارەت.

كۆكۈچ رەڭ — كۆككە مايىل، سۇس كۆك، كۆكۈمتۈل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

مايسا رەڭ — كۆك بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

ئاق سېرىق رەڭ — ئاقۇچ سېرىق، ئاققا مايىل سېرىق رەڭدىن ئىبارەت.

ئاق يېشىل رەڭ — ئاققا مايىل يېشىل، سۇس يېشىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

ياپيېشىل رەڭ — قېنىق يېشىل رەڭنى كۆرسىتىدۇ.

چەش رەڭ — چەشنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان رەڭ، قېنىق ھاۋا رەڭنى كۆرسىتىدۇ. (چەش — بىر خىل مىنېرال، كۋارتسنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، يېلىن، ئۈزۈم ۋە تۇكچە ھالىتىدە ئۇچرايدۇ. يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۈزۈكنىڭ كۆزى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ)

مەللە رەڭ — توپىغا ئوخشاش بىر خىل مۇرەككەپ رەڭدىن ئىبارەت.

مېغىز رەڭ — ئۆرۈك ياكى شاپتۇل مېغىزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش، قوڭۇرغا يېقىنراق بىر خىل رەڭدىن ئىبارەت.

مىس رەڭ — مىسنىڭكىگە ئوخشاش قىزغۇچ سېرىق رەڭدىن ئىبارەت.

تۇخۇم سېرىقى رەڭ — تۇخۇمنىڭ سېرىقىغا ئوخشاش سارغۇچ رەڭدىن ئىبارەت.

زەيتۇنە — دېڭىز كۆكى رەڭدىن ئىبارەت. بۇ رەڭنىڭ نامى زەيتۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان، مېۋىسى ئۈزۈن ۋە ئېللىپس شەكلىدە بولىدىغان زەيتۇن دەرىخىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

كاتاپ — كۆن، رەخت ۋە يىپلارنى بوياش، بويالغان كۆن، رەخت ۋە يىپلارنىڭ رەڭ مۇقىملىقىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇ، بۇغداي ئۇنى، ئاش تۇزى ۋە تۆمۈر دېتىنى بىرىكتۈرۈپ تەييارلانغان سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت.

كاتاپ تەييارلاشتا ئالدى بىلەن بۇغداي ئۇنى سۇ بىلەن 25 : 1 بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئاش تۇزى سېلىنىپ، بىر ئاز قايىنىتىلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن بۇ سۇيۇقلۇق ساپال قاچىغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا كونا تۆمۈر، تۆمۈر داشقىلى سېلىنىپ 15 كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. قاچىدىكى تۆمۈر-تەسەكلەر ھەر كۈنى ئۈچ-تۆت قېتىم ئۆرۈپ تۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە، تۆمۈر داتلىشىپ، دات سۇيۇقلۇققا تەكشى تاراپ، سۇيۇقلۇق رەڭگى سارغىيىدۇ. تۆمۈر بىلەن سۇنىڭ مۇقىم نىسبەت مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. تەييارلانغان سۇيۇقلۇققا پاكىز رەخت پارچىسى ياكى قەغەز چۆكۈرۈلۈپ ئېلىنغاندا، قەغەز ياكى رەخت دەرھال قوڭۇر رەڭگە كىرسە، بۇ كاتاپنىڭ پىشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كاتاپ ئىشلىتىلىدىغان چاغدا مەلۇم نىسبەتتە جىگدە يېلىمى قوشۇلىدۇ. كاتاپنىڭ رەڭ مۇقىملاشتۇرۇش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كاتاپ بىلەن يېزىلغان ياكى بېسىلغان كىتاب ماتېرىياللىرىنىڭ، رەڭ بوياقلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆچۈرۈۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تىزاپ — بوياقلارنىڭ تالالارغا سىڭىشىگە ياردەم بېرىدىغان ۋاستىچى ماددا بولۇپ، كۆپرەك قوللىنىدىغانلىرى ئاليومىن تۇزى، خۇرۇم تۇزى ۋە تاننات كىسلاتاسى (ئورگانىك بىرىكمە. سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سەل سېسىق پۇرىقى بار. سانائەتتە سىياھ ۋە تېرە ئاشلايدىغان دورا ئىشلەشتە قوللىنىدۇ؛ دورىگەرلىكتە قورۇتقۇچى دورا قىلىنىپ، ھۆل تەمرەتكە، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

خوجانىل — بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل نىل بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭى ياڭاقتەك بولىدۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوياقچىلىقى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بوياق ئۈچۈن يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن تۇخۇمەك گۈلى، زاك، زەمچە، ئانار پوستى، ياڭاقنىڭ ماكلانغان كۆك پوستى، يۇلغۇن چېچەكى، رويان، تۆمۈر دېتى، ئۆرۈك قوۋزىقى، ئوتچۆپ گۈللىرى قاتارلىق رايونىمىز تەۋەسىدىن كۆپ چىقىدىغان بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ بوياقچىلىق قىلغان. بوياقچى ئۇستىلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ ھەر خىل رەڭ

تۆرلىرىنى ياساش تېخنىكىسىنى ياراتقان. ئۇلار رەڭلەرنى توشۇش، قاچىلاش ئىشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن رەڭلەرنى نوكچە ھالەتتە ۋە پاراشوك ھالەتتە ئىشلەش تېخنىكىسىغىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، پاراشوك ھالەتتىكى بوياقلارغا جىگدە يېلىمى، قارىغاي يېلىمى، شېكەر سۈيى ۋە لىمون شەربەتلىرىنى قوشۇپ، ئۇنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ، نوكچە بوياقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە بوياقلارنىڭ ساقلىنىش ۋاقتىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇلار ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنىڭ نەملىك ۋە كۈن نۇرى تەسىرىدە ئاسانلا بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر خىل مىنېرال ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان. يۇلغۇن چېچىكى بىلەن زەمچىدىن ئاسان ئۆڭمەيدىغان، چىرىپ كەتمەيدىغان قىزىل رەڭ ئالغان بولسا، خېنە بىلەن زەمچىنى بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل رەڭلىك ياكى بېغىر رەڭلىك ئىنتايىن ياخشى بوياق تەييارلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن چېچىكى بىلەن زەيچۇنى ۋە نوشۇدۇرنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئاپېلسىن رەڭ ھاسىل قىلغان بولسا، بوزۇغا بىلەن زەيچۇنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلەرنى ھاسىل قىلغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى بوياق تۈرلىرىگە زەمچە قاتارلىق مەدەنلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنىڭ ئېرىپ، قېنىق رەڭلىك بوياق ھاسىل قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماي، ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنىڭ كۆكەركۈچى زەمبۇرۇغ تەسىرىدە كۆكىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ نەزەردە تۇتاتتى. شۇ سەۋەبتىن بوياقلار ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بوياق ۋە بوياقچىلىققا دائىر ماقال-تەمسىل، رىسالە، ئۆدۇم-ئېرىم، ئەمەلىي پاكىت، ئەپسانە، رىۋايەت، رەڭ چۈشەنچىلىرى ھەم رەڭلەردە ئەكس ئەتكەن ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇيغۇر بوياقچىلىق رىسالىسىدە «خۇدا بىر يىلنى 365 كۈن قىلىپ ياراتتى. پىرى كامىللار ھەركۈنى خۇدانىڭ ھۆجرىسىدىن بىرىنى تاللاپ 365 كۈن ھۆجرىدىن 72 رەڭ يەنى بوياق كەلتۈرۈپ بۇ كەسىپنى راۋاج ئەتتى...» دېيىلىدۇ.

«بوياقچى، بوياقچى دېسە، ساقلىنى بوياپتۇ»، «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى، ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىگىنى»، «بوياقچىنىڭ بويىقى بۇزۇلسا، بەش بازاردا ماجىرا» دېگەن ماقاللار ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىنىڭ «ھۈنەر-ۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش» دېگەن بابىدىكى بايانلاردا «تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى يەنە تېرىچى، ياسىرچى، بوياقچى، يائوقچى، ياچى. بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر، جاھاندا تالڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر» دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياۋى نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 3-توم، 24-بېتىدە «قىلىقلىناي دېسە، قىزىل كىيەر، يارىناي دېسە، يېشىل كىيەر، (خوتۇنلار ئېرىگە جىلۋىلىنىپ كۆرۈنمەكچى بولسا قىزىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ. ئەركىلەپ يارانماقچى بولسا يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ)» دەپ يېزىلغان سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئىي مۇھىت ۋە ھادىسىلەر، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللار تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم رەڭلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ ئۆزگىچە چۈشەنچىدە بولۇپ كەلگەنلىكى ھەق. بەزى تەتقىقاتلاردىن مەلۇملىنىشىچە، ئۇيغۇرلار رەڭلەردىن ئۆزگىچە زوق-لەززەت ئېلىپلا قالماي، رەڭ چۈشەنچىسىنى تۇرمۇشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، رەڭلەرنى تۇرمۇشتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە چۈشىنىپ ۋە قوللىنىپ كەلگەن.

ئاق رەڭ — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاق رەڭ ئۇلۇغلىنىپ، پاكلىق، ساداقەت، ۋاپادارلىق، ساپلىق ۋە بەخت-ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىپ كەلگەن. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىدىن باشلاپلا تاكى ھازىرغا قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ سۈنى ئۇلۇغلىشى، سەپەرگە چىققانلارغا ئاق يول تىلەش ئادىتى، قارلىق ئويۇنى ئويناش ئادىتى، قارنى بەخت-سائادەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىشى، ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئاق رەڭلەردە بېزەش ئادىتى، توي كۈنى قىز تەرەپ قۇدىلار ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا ئۇن چېچىشى، قىز-يىگىتلەرنىڭ ئاقلىق چېيىدا ئاق رەخت سوۋغا قىلىش ئادىتى، «ئاق ئالما قىزارغاندەك، قىزىل يۇزلۇكۇم يارىم، ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك، شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم»، «ئاققىنا ئايدەك يۈزىڭگە، قاپقارا خاللىڭ بولاي، جان تەسەددۇق قوبۇل ئەيلە، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سىنىڭ يارىڭ بولاي»، «ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر، ياردىن تەلىيىم يوقتۇر. ياردىن تەلىيىم بولسا، ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر»، «ئاپپىقمەي ئاپپىقىم، بېشىمغا كىيگەن قالپىقىم، سەن سۆيمىسەڭ سۆيمىگىن، ئۆزۈم سۆيگەن ئاپپىقىم»، «ئاقسارايدا ئولتۇرغان، تولۇن ئاي مېنىڭ يارىم، كۆيەك ئوتقا سېلىپ قويۇپ، كارى بولمىغان يارىم»، «ئاق چاي ئىچىپ، كۆك چاي ئىچىپ، مەست بولۇۋالغۇم بار، ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا چىرمىشىۋالغۇم بار»، «ئاق ئاتقا يېشىل توقۇم، يېنىمدا سېنىڭ يوقۇڭ، سەن يادىمغا يەتكەندە كەلمەيدۇ مېنىڭ ئۇيقۇم»، «ئاق بېلىق ئاپپاق بېلىق، ئاپتاپتا ياتقانلىق قېنى. مېنى يامان دەپ يۈرۈپ، ياخشىنى تاپقانلىق قېنى»، «ئاقسارايدىن كەلگىچە، ئاتلار ھېرىپتۇ، ساقلىغا ئاق سانجىپ، يارىم قېرىپتۇ»، «ئانىجان يادىمدا بار، تىنماي ئازاب تارتقانلىرىڭ، كېچىلەردە ئۇخلىماي، ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ»، «ئاقسارايدا ئولتۇرغان، سارىخان مېنىڭ يارىم، مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ، خەۋەردار بولمىغان يارىم» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلاردا تىلغا ئېلىنغان ئاق ئىبارىسى، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا ھازىدارلارنىڭ ئاق پوتا باغلاش ۋە ئاق ياغلىق چىگىش ئادەتلىرى ئاق رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى نەتىجىلىرىنى قۇتلۇقلاش مۇراسىمىدا 40 غۇلاچ ئېگىز خادا قادىلىپ، ئۇنىڭغا ئاق رەڭلىك قويلارنى باغلىشى ئاق رەڭنىڭ نەتىجە-ئۇتۇق ۋە بەخت-ئامەتكە سىمۋول قىلىنىدىغانلىقىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشىدۇر.

كۆك رەڭ — كۆك رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ئۇلۇغلۇق ۋە بەختنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. كۆك رەڭنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى «مەڭگۈ تاش» ئابىدىلىرى، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق تارىخىي يازما ماتېرىياللىرىمىزدىلا كۆرۈنۈپ قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن تېپىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ھازىرقى يېشىللىقلارنى قوغداش، باغ قىلىش، كۆك پەرۋىشىنى ياخشى قىلىشنى خەيرلىك ئىشلار قاتارىدا كۆرۈش، كۆك مەشرىپى ئويناش، قايغۇ-ئەلەملەرگە دۇچار بولغاندا كۆككە قاراپ ئىلتىجا قىلىش، ھويلا-ئاران، ئۆي تائاملىرىنىڭ تېگى، گەرنىزى، سەرقەلەم، تۈۋرۈك ۋە سالاسۇنلىرىغا كۆك رەڭ بېرىش ئادىتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆك سۆزىنىڭ «ئاسمان» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە بولۇشى ۋە بىر قىسىم جايلارنىڭ كۆكيار، كۆكسۇ، كۆكئاچال، كۆكباغ دېگەن ناملار ئاتىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى روشەن ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

قارا رەڭ — قارا رەڭمۇ ئۆزگىچە ئورنى بىلەن ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بۇيان كۆچمە مەنىدە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. قارا رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە «ئۇلۇغ، كەڭ، ئالىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بەزى مىللەتلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر رەڭنى تەرەپلەر بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ھەم شىمالنى قارا رەڭ بىلەن، جەنۇبنى قىزىل رەڭ بىلەن، شەرقنى كۆك رەڭ بىلەن، غەربنى ئاق رەڭ بىلەن ئىپادىلەپ ئادەتلەنگەن. قەدىمكى تۈركىي خانلىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا خاقان ئالىيلىق سۈپىتىدە ھەمىشە شىمال تەرەپتە تۇرغان . شۇنىڭ بىلەن شىمال تەرەپنى كۆرسىتىدىغان قارا رەڭمۇ ئۇلۇغلىنىدىغان بولغان. ئۇيغۇرلار كېيىنچە ئۇلۇغ كىشىلەر، مەركىزىي جايلارنىمۇ «قاراقىتان، قاراخان، قاراخوجا، قارا ئوردا، قارا يۇلغۇن، قاراقۇرۇم، قارا شەھەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغان بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قارا دېگەن سۆز رەڭنى بىلدۈرگەندىن سىرت، يەنە بىر قىسىم تۈپ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ بىرىككەن سۆز ھاسىل قىلىپ، شۇ بىرىككەن سۆز تەركىبىدە «بۈيۈك، چوڭ، كەڭ» دېگەن مەنىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، چوڭ ماشىنىنى «قارا ماشىنا»، زور كۈچ بىلەن تۆلەنگەن بەدەلنى «قارا تەر»، پەۋقۇلئاددە زور كۈچنى «قارا كۈچ»، كۆلىمى چەكسىز باغ-ئورمانلارنى «قاراباغ، قارا ئورمان، قارا بوستان» دەپ ئاتايدىغان تىل ئادەتلىرى ھېلىمۇ بار. ئۇيغۇرلار ئۆز نۆۋىتىدە قارا رەڭنى قاراڭغۇلۇق، يامانلىق ۋە ياۋۇزلۇققا سىمۋول قىلىپمۇ قوللانغان. بۇنى ئۇيغۇرلار باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەر بىلەن تۈرلۈك مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي قوبۇل قىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان تىل ئىستېمالىمىزدىكى قارا يۈز، قارا نىيەت، قارا قورساق، قارا تۈرك، قارا جەمئىيەت،

قارا قول، قارا ماتېرىيال، قارا نوپۇس قاتارلىق سۆزلەردە قارا رەڭ يامانلىق ۋە زۇلمەتكە سىمۋول قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قىزىل رەڭ — ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭگە نىسبەتەن ئۆزگىچە چۈشەنچىدە بولۇپ، ئالاھىدە قوللىنىپ كەلگەن ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا توي كۆچۈرۈش ھارۋىسى ياكى ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلاش، يېڭى تۇغۇتلۇق ۋە قىزىل چىقىپ قالغان ئايال ياكى بالا بار ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇش، قىزىل چىققان بالىغا قىزىل تاجىخورازنى دەملەپ ئىچكۈزۈش، شامال دارىغان كېسەللەرنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئەملىگەندە قىزىل خورازنى قان قىلىشقا ئىشلىتىش قاتارلىق ئادەت ۋە ئۆدۈم- ئىرىملاردا قىزىل رەڭ خۇشاللىق، نىجاتلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. «پاكار- پاكار بولىدىكەن، موگۇل ئاتلىرى، قىزىل ياقۇت چايقاپ تۇرار گۈلنىڭ قاتلىرى»، «بۇلاقلار كۆلگەن پېتى قاپتۇ، قار يۇتقان جىرالارنى موگەلاندۇرۇپ، ئۆرلەيدۇ قىزىل شەپەق ئۇپۇق بويلاپ، كۆك سۆيگەن چوققىلارنى نۇرلاندۇرۇپ»، «قىزىلگۈل ئېچىلمامدۇ، شاخ- شاخىغا يەتكەندە، قەدىرىمىز ئۆتۈلمەمدۇ، بىز بۇ يەردىن كەتكەندە»، «ئاق ئالما قىزارغاندەك، قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم، ناۋۇت بىلەن يۇغارغاندەك، شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم»، «سۆزۈك- سۆزۈك سۇلار كەلدى، توغان سېلىنچىلار، قىزىل ئالما ئېقىپ كەلدى، سۈزۈپ ئېلىنچىلار»، «قىزىمنىڭ بالىسى قىزىل ئالما ئانىسى، ئوغلۇمنىڭ بالىسى، ۋاي- ۋاي ئۇنىڭ ئانىسى»، «قىزىل كۆزدىن ۋاپا كەلمەس، قوي كۆزدىن جاپا»، «قىزىل تىل قارا باشقا چىقار»، «قىزىلنى كۆرۈپ قىز بېرىپتۇ»، «قىزىل تىل نامىڭنىمۇ چىقىرار، نومۇسىمۇ قويار»، «قىزىلگۈل تىكەنسىز بولماس، مۇھەببەت كۆشەندىسىز بولماس» دېگەن قوشاق ۋە ماقال- تەمسىللەردە قىزىل رەڭ ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك مەنىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دېيىشكە بولىدۇ.

سېرىق رەڭ — ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭگىمۇ نىسبەتەن ئۆزگىچە چۈشەنچىدە بولۇپ، سېرىق رەڭ ئالتۇننىڭ رەڭگى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ قوياشنىڭ نۇرلانغان مەزگىلى «ئالتۇندەك پارلىغان قوياش»، مول ھوسۇللۇق كۈز بولسا «ئالتۇن كۈز» دەپ تەرىپلىنىدۇ، شۇنداقلا داڭلىق تىل ئادىتىمىزدە «كۈننىڭ سېرىقنى كۆرسۇن» دېيىلىدىغان سۆزلەر ھەم «سېرىق ئىتنىڭ يامان ئىكەن، سېرىق زەنجىردە باغلاپ قوي. يار ئۆتى يامان ئىكەن، سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي»، «سېرىق قۇشقاق بولۇپ سايراپ، چىمەننىڭ يولىغا قاراپ، يۈرەكىم چاك- چاك بولدى، سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ»، «سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك، يۈزۈڭگە خال ياراشىپتۇ، سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا، يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ» دېگەن قوشاقلاردا تىلغا ئېلىنغان سېرىق رەڭ ئىبارىسى خەلقىمىزنىڭ سېرىق رەڭگە بولغان تۈرلۈك چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ بوياق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتىمۇ ئۇزاق زامانلاردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، رەڭ بوياقلارنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا خاس تەبىرلەرنىمۇ بېرىپ ئۆلگۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا رەڭ بوياق خۇسۇسىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقى ۋە خىلمۇ خىللىقى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي ھاياتىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدە ئاق، قارا، كۆك ۋە قىزىلدىن ئىبارەت تۆت خىل تۈپ رەڭ بولۇپ، بۇ رەڭلەر يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، شەرق، جەنۇب، شىمال ۋە غەربتىن ئىبارەت تەرەپلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. كېيىن قوشنا قوۋملاردىن سېرىق چۈشەنچىسى قوبۇل قىلىندى. يېشىل رەڭ ھۆكۈمرانىنى ھەم بايلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈپ رەڭلەر بەش خىل بولدى. تۈپ رەڭلەر — ئانا رەڭ دەپمۇ ئاتالدى. باشقا خىلمۇخىل رەڭلەر بولسا، ئانا رەڭدىن تۈسلەنگەن رەڭلەر بولۇپ، ئارىلىق رەڭ دەپ ئاتالدى. ئارىلىق رەڭ «ئىككىلەمچى رەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قىزىل بىلەن سېرىق ئارىلاشتۇرۇلسا نارەنجى رەڭ ھاسىل بولىدۇ. سېرىق بىلەن كۆك ئارىلاشسا يېشىل رەڭ ھاسىل بولىدۇ. كۆك بىلەن قىزىل ئارىلاشتۇرۇلسا سۆسۈن ھاسىل بولىدۇ. ئارىلىق رەڭ بىلەن ئارىلىق رەڭنى مۇۋاپىق چېتىشتۇرسا، قايتا ئارىلىق رەڭ پەيدا بولىدۇ، بۇنى «كۆپلەمچى» رەڭ دەپ ئاتىغان.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ دېيىش زۆرۈركى، ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ئالفرد ياررىڭنىڭ (1907- يىلى ئوغۇز ئېيىنىڭ 12- كۈنى شۋېتسىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى سكانىيە ئۆلكىسىنىڭ بىرۇنبى شەھىرىنىڭ ۋكۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان) 1992- يىلى لۇندتا نەشر قىلىنغان نوپۇزلۇق كىتابى «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «بوياقچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بايانى» نامىدىكى قىسمىدا مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: «بوياقچىلار ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارمۇ كۆپ. ئۇلار يام، نوگاي، شىكاچاپ ۋە لەكچاپلاردىن ئىبارەت. (شىكاچاپ بىلەن لەكچاپ ئىككى ياغاچ كالتەكنى كۆرسىتىدۇ. يام — سىغىز توپىدىن لاي قىلىنىپ، خۇمداندا پىشۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان ياكى ياغاچتىن يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە ياسىلىپ تەييارلىنىدىغان ئادەتتە كىر- قات يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىدىشتىن ئىبارەت. نوگاي — ياغاچتىن ئويۇش، يونۇش ۋە قىرىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ياكى نوگاي قاپاقنىڭ باش قىسمىدىن ئېغىز ئېچىش يولى تەييارلىنىدىغان جابدۇقنى كۆرسىتىدۇ) نىل ۋە هاك، ئاق نەرسىلەرنى نىل هەم كۆك قىلۇر ئىكەن. ئەمدى يالغۇز نىل قاپتۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بەقەم، ئوردان، بۇزغۇن قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلەتتى. هازىر ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي، پەقەت نىل ئىشلىتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى سەرگەزچىلەر ئىشلىتىدىغان بولۇپتۇ. بەقەم دېگەن بىر قىزىل ئوتتۇندۇر. ئوردان قىزىل بىر يىلتىز، كۆك پىت چاققان كىشىلەر ئىشلىتىدۇ. بۇزغۇن بىر ئوت (ئۆسۈملۈك)نىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ بەدەخشاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. زەمچى، زاك، هاكنى هازىر سەرگەزلەر ئىشلىتىدۇ. بوياقچى بىلەن سەزگەزچىلەرنىڭ ئەسۋابلىرى ئوخشاشتۇر. لېكىن رەڭلەر ئارىسىدا پەرقى باردۇر. بوياقچى خاس بىر نىل ئىشلىتىدۇ. سەرگەزچى هەرخىل رەڭ — يېشىل، قىزىل، زەمبىقى، كۆك، زەيتۇنى، سېرىق، شاپتۇل چېچىكى، قارا، يۇلغۇن چېچىكى، كاۋا چېچىكى قاتارلىق دېگەندەك رەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ»، بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئىشلەتكەن قىسمەن سايمان- جابدۇقلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولالايمىز.

**پايدىلانما مەنبەلىرى**

1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2011- يىللىق 2- سانىغا بېسىلغان ماموت قۇربانىنىڭ «شىنجاڭدىكى رەڭ — بوياقلار ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى.

2. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

3. «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى

4. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا هەمدۇللا، شېرىپ خۇشتارلار يازغان «شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن 2008- يىلى ئۈمەد ئېيىدا 2- قېتىم نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» ناملىق كىتابى.

5. هاجى ئابدۇراخمان باقىنىڭ 2013- يىلى تومۇز ئېيىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر» ناملىق كىتابى.

6. مەرھۇم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 2001- يىلى قەھرىتان ئېيىدا «شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «نورۇزنامە» ناملىق كىتابى.

7. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن «مىللەتلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1994- يىلى مىزان ئېيىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق ئالتە توملۇق كىتاب.

8. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 2008- يىلى چىللە ئېيىدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق كىتابى.

9. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» 2007- يىلى سەپەر ئېيىدا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى» ناملىق كىتاب.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆلەتھەللە بازىرى مويۇنگۇزەر مەكتەپتە)



# بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2014 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# «تاھىر-زۆھرە» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ۋارىيانتى توغرىسىدا



غالىب بارات ئەرك

«تاھىر-زۆھرە» داستانى ئۇيغۇر خەلقىدە كەڭ تارقالغان خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى. بۇ داستان فىكرەت تۈركمەن قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە 15-ئەسىردىن بېرى كەڭ تارقالغان خەلق داستانى. بۇ داستاننىڭ قەيەردە، قانداق تارىخىي شارائىت ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكى تېخىچە مەۋھۇم ھالەتتە تۇرماقتا، شۇڭىمۇ بارلىققا كەلگەن جايى ۋە ۋاقتى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كورلا شەھىرىدە، باشئەگىمنىڭ مامىكا دېگەن يېرىدىكى قالغا مازىرىمدا «تاھىر-زۆھرەنىڭ قەبرىسى» دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان قەبرە بار، (خەلقىمىزنىڭ كەم دېگەندىمۇ 1800-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مۇشۇنداق قاراپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئۇچۇر بار)، شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى بۇ داستان ۋەقەلىكىنى يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن دەپ ئىشىنىدۇ ھەمدە پاك سۆيگۈ مەدھىيەلەنگەن بۇ داستانىنى ياقتۇرۇپ ئېيتىدۇ، ئاڭلايدۇ. شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، تاھىر-زۆھرەنىڭ قەبرىسى باشئەگىمدە بولغىنىدەك، تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستاندىمۇ قەبرىسى بارلىقى مەلۇم. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدىغان بۇ داستانىنى «غېرىب-سەنەم»، «فەرھاد-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»... قاتارلىق مەشھۇر ئېغىز ئىجادىيەتلىرىگە ئوخشاش چوڭ كۆرۈپ ئۆگىنىپ كەلگەن. بۇ داستان يۇرتىمىزدا يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن «نۇزۇگۇم»، «مايىمخان»، «ئابدۇراخمان خان غوجا»، «سېيىت نوچى» داستانلىرىدىنمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقى، بۇ داستاننىڭ خەلقىمىزدە تارقىلىش تارىخىنىڭ يۇقىرىدىكى داستانلاردىنمۇ بالدۇرلۇقى ۋە مەشھۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بۇ داستاننىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا تارقالغان ھەر خىل ئېيتىملىرى قىسقىچە سېلىشتۇرۇلدى.

**مەنبەلەر:**

A. 1956-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تىلشۇناسلىرىمىز ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەد رەھىموف، داۋۇت تۇرەھەمەتوفلارنىڭ كورلا، لوپنۇر تەۋەسىدە تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا يېزىپ كەلگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان بۇ نۇسخا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 4-سانىدا، «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىللىق 1-سانىدا، 1993-يىلى نەشر قىلىنغان «كورلا خەلق چۆچەكلىرى»دە ئېلان قىلىنغان.

B. رۇسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس س. ي. مالوف 1914-يىلى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا تىل تەكشۈرۈشتە بولغان. 1914-يىلى 8-ئايدا چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇران مەھەللىسىدە خاتىرىلىگەن ھەمدە 1957-يىلى قىرغىزىستاننىڭ فرۇنزى شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

C. شىۋېتسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ 1935-يىلى كەشمىر ۋە سىرىنگارغا كارۋان بولۇپ بارغان خوتەنلىك ئالىم ئاخۇن ۋە ھاشىم ئاخۇنلاردىن خاتىرىلىۋالغان ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ماتېرىياللار» (1946) ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈپ ئېلان قىلغان. شۇ كىتابتىن ئېلىنىپ «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» (1997)دە، مۇشۇ كىتابتىن ئېلىنىپ «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار (9)» (2006) ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان.

D. شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى تەركىبىدە 1896-يىلىدىن 1921-يىلىغىچە كاشغەر رايونىدا تۇرغان گۇستاف رەكىت تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، 1930-يىلى شۋېتسىيەنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىن نەشر قىلىنغان (كىرىش سۆز، ئەينى ۋاقىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خاتىرىسى، ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە). ئېلى ئېزىز ۋە توختى تۇراخۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 63-نومۇرلۇق قول يازما ئاساسىدا تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 18-سانى (1986-يىلى) ئېلان قىلغان نۇسخا بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. يازمىمىزدا فىللاندىيەدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىسمائىل ئابدۇرەھىم تەمىنلىگەن نەشرىي نۇسخىدىن پايدىلىنىلدى.

E. باي ناھىيە كانچى يېزا 2-كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 68 ياشلىق تۇرسۇن كەنجىنىڭ 1990-يىلى 11-ئايدا ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن خاتىرىلىنىپ، «باي خەلق چۆچەكلىرى»دە 2006-يىلى ئېلان قىلىنغان، بۇ نۇسخىدا ئېيتىپ بەرگۈچى قوشقان بايانلار بىرقەدەر كۆپ.

F. لوپنۇر ناھىيەسىدىن تايىر 2002-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى سۆزلەپ بەرگىنىگە ئاساسەن دوكتور ئابدۇۋەلى كېرىم خاتىرىلىگەن، نۇرلۇق گېزىتى نەشرىياتى 2014-يىلى نەشر قىلغان، ئابدۇۋەلى كېرىم تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان.

G. خوتەندىن تېپىلغان قول يازما بولۇپ مەتقاسىم ئابدۇراخمان نەشرگە تەييارلىغان، يىل دەۋرى ۋە يازغۇچىسى نامەلۇم. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

H. رادلوف خاتىرىلىگەن بۇ نۇسخا 1906-يىلى نەشر قىلىنغان «شىمالىي تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 6-تومىدا ئېلان قىلىنغان، ئەسلىي ماتېرىيالدىن پايدىلىنىلدى.

I. چاررۇسىيەلىك ئالىم پانتاسوف 1909-يىلى تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدە نەشر قىلدۇرغان «تارانچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ نۇسخىنى 19-ئەسىردە ئىلىدا ياشىغان بۈيۈك شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى خاتىرىلەپ تەمىنلىگەن، بۇ نۇسخا ئابلەت ئابدۇللا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان، پانتاسوفنىڭ نەشرىي نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلدى.

J. تۇرسۇن زېرىدىن تەييارلىغان بۇ نۇسخا موللا تاھىر تاش موللا تەرىپىدىن 1880-يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان بىر قول يازمىنى ئاساس، غۇلجىدا ياشىغان توختى شەمشىدىن ئىسمىلىك كىشىنىڭ 1982-يىلىدىكى ئېيتىپ بەرگىنىنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تەييارلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى (2)»دە ئېلان قىلىنغان.

«تاھىر-زۆھرە» داستانىنىڭ ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن يەنە بىرى بولۇپ مامۇت قاسىمنىڭ «بوز يىگىت ۋە ئاق جۇۋان» ناملىق كىتابى (مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى)غا كىرگۈزۈلگەن، بۇ نۇسخا يەنە شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2012-يىلى نەشر قىلغان «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقىمۇ كۆچۈرۈپ كىرگۈزۈلگەن، بۇ نۇسخىنىڭ ھېچقانداق كېلىش مەنبەسى بولمىغاچقا ھازىرقى زامان ئىجادىي يازمىسىغا تەۋە دەپ قارىلىپ نەزەرگە ئېلىنمىدى. بۇنىڭدىن باشقا پروفېسسور مۇھەببەت قاسىم 1986-يىلى 10-ئايدا خوتەندە تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا سالى خېنىمنىڭ خوتەن تەلەپپۇزىدا ئېيتىپ بەرگەن نۇسخىسىنى «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت-شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن، بۇ نۇسخا تولۇق بېرىلمىگىنى ئۈچۈن قىسمەن پايدىلىنىلدى.

ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا كۆرۈلىدىغان شەخسلەر: پادىشاھ، ئوڭ قول ۋەزىر، بوۋاي (خىزىر)، پادىشاھنىڭ خوتۇنى، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، ھاجىپ، خەۋەرچى، يېڭى ۋەزىر، تاھىر-زۆھرە، تەربىيەچى (موللا)، قۇتقۇنە (موماي)، ياغاچچى، خارەت، قارا باتۇر، ئايغاقچى، جاللات، باشقا يۇرت پادىشاھى ۋە ئۈچ قىزى، كارۋانبېشى، قاراباتۇرنىڭ سىڭلىسى، تاھىرنىڭ ھاممىسى، قارا پادىشاھ، ئاق پادىشاھ، ياغى (دۈشمەن)، بۇۋىخەدىچە، كېنىزەك، قەلەندەر، ئاقخان، قاراخان، قارا باھادىر، ئۆزگە يۇرت پادىشاھىنىڭ قىزى، دىلئارام، مەلىكە خۇرۇش،

مەلىكە لەيلۇش، مەلىكە سۇلتان بىبىچە، پادىشاھ بەھرام (G، رۇم پادىشاھى)، مۇدەررىس، جارچى، شاھ بەھرام، مەلىكە لەيلىۋەش، مەلىكە خەيرىۋەش، سۇلتان بۇۋىچە، رۇم شاھى، قارچۇق (قاراچۇق)، ھاپىز، دەرۋىش، جوھودلەر، زەرگەر، گۈلجەمىلە، موغ تائىپەسى، موغلار شاھى، سۇلتان بىبى، گاداي (غاداي)، شابىبھرام، ئالىم، مۇفتى، قازى، ئىشقۇل دىۋان بېگى، مىڭبېگى، تۈمەنبېگى، توختامەت موللا، قوشقامەت موللا، قاۋامەت، سۇلتان بىبىچە، سارەچلەر.

**ئەزەربەيجان ۋارىيانتىدىكى شەخسلەر:** (ئاخۇندوف تەييارلىغان «ئەزەربەيجان خەلق داستانلىرى II»، باكۇ، 1961 ـ يىلى نەشرى): ئالائىدىن خوجا، ئالى خان ۋەزىر، ئارىفە (ئەدھەم شاھنىڭ باجىسى)، باش ۋەزىر ئەخمەت، جادى قارا، چوپان، چوپاننىڭ ئانىسى، ئەدھەم شاھ، ئەدھەم شاھنىڭ خوتۇنى، سەئىد پاشا (ئالىي خان ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، خىزىر ـ دەرۋىش، ئىسپانىيە پادىشاھى، قاراۋەزىر، لالە، مەلەك سۇنا، مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى، شاھاپ، تاھىر ـ زۆھرە، ئىسپانىيە مەلىكىسى زۆھرە.

**ئۆزبېكچە ۋارىيانتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار:** پادىشاھ، ئوڭ قول ۋەزىر، چال (خىزىر)، كەمپىر، پادىشاھنىڭ خوتۇنى، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، يېڭى ۋەزىر، تاھىرنىڭ ئانىسى، دوملا (مۇدەررىس)، خارەزىم، خارەزىم شاھى ۋە ئىككى قىزى، قاراباتۇر، كارۋانبېشى، خەددىچە، قاراقچىلار، قارا باتۇرنىڭ سىڭلىسى. ئۇيغۇرچە ۋارىيانت بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان بۇ ۋارىيانتنى 1935 ـ يىلى قوقاندىكى زۇۋانبىبى سامساقوۋا ئېيتىپ بەرگەن، بۈيۈك كەرىم خاتىرىلىگەن. م. ئى. ئافزالوف، ش. رەسۇلنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن غافۇر غۇلام نامىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى 1969 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشر قىلغان «ئۆزبېك خەلق ئېرتەكلىرى» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان.

**تاتارچە ۋارىيانت** (**تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە چاپ ئېتىلگەن**)**تىكى ئۇچۇرلار:** تاتار دېگەن ۋىلايەتنىڭ پادىشاھى باباخان بىلەن ۋەزىرى باھىر پەرزەنتسىزلىكتىن غەمناك بولىدۇ. ئۇلار بىر كونا مازاردا يېتىپ مۇناجات قىلىدۇ ھەمدە شاھقا قىز، ۋەزىرگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىنغانلىق نىداسى كېلىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ توينى قىلىشنى ئەھدىلىشىدۇ. شاھنىڭ خوتۇنى شاھجاھان، ۋەزىرنىڭ شاھخۇبان بولۇپ توققۇز ئاي،



توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن شاھ قىز، ۋەزىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. زۆھرەنىڭ ھۆسنى شاھنى ۋەدىسىدىن يېنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بىللە تەربىيەلىنىدۇ، ۋەزىر باھىر كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلىدۇ. ئىككىيلەن باغدا ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن يۈرگىنىدە باغۋەن ھەسەن شاھقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، تاھىرنى تۇتۇپ كېلىپ ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلايدۇ. تاھىر دەريادا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئېقىپ باغداد شەھرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان فۇرات دەرياسىدىن جاھانگەرد، شەھرىجان، ماھىمجان دېگەن ئۈچ قىزى بار باغداد شاھىنىڭ كەنجى قىزى سۈزۈۋالىدۇ. تاتار ۋىلايىتىدىن كەلگەن تاھىرغا ماھىمجان نىكاھلىنىدۇ ۋە يەتتە يىل ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا زۆھرەنىڭ ئاتىسى تۇغقىنى، لەشكەر بېشى ئەرمانۇسنىڭ قارا باھادىر ئاتلىق ئوغلىغا نىكاھلىماق بولىدۇ. زۆھرە ۋاھىد ئاتلىق بىرنى ئۈچقۇر ھىنگانىغا مىندۈرۈپ تاھىرنى ئىزدەشكە بۇيرۇيدۇ، تاھىر تاتار ۋىلايىتىدىن كەلگەن خەۋەرنى ئۇقۇپ باغداد شاھىنىڭ تەختىنىمۇ ئۆزگە راۋا كۆرمەيدۇ. ماھىمجان بەرگەن خاسىيەتلىك بەلباغنى باغلاپ، يولدا بەزى قىيىنچىلىقنى خىزىرنىڭ ياردىمىدە يېڭىپ، جورجان شەھرىدە 40 قاراقچىغا تۇتۇلۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەكبىر جاپادا يۇرتىغا يېنىپ كېلىدۇ. موللا نەفىس زۆھرەنى قاراباھادىر بىلەن توي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا تاھىرغا نەكاھلاپ قويىدۇ، بۇ ئىشلاردىن غەزەپلەنگەن شاھ تاھىرنى چاپتۇرىدۇ. 40 كۈندىن كېيىن زۆھرە تاھىر قەبرىسىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. قاراباھادىرمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدىن يانتاق ئۈنۈپ چىقىپ تاھىر-زۆھرەنىڭ بېشىدىن ئۈنگەن گۈللەرگە زەخمە يەتكۈزىدۇ. شاھ ئۇنى ئىككىلەننىڭ ئارىسىدىن باشقا جايغا يۆتكىۋېتىدۇ. تاھىرنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ماھمجان ئۆلۈۋالماقچى بولغاندا شاھ ئاتىسى ۋە كەرمان ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمدارى لەشكەر باشلاپ كېلىپ باباخاننى مەغلۇپ قىلىپ تىرىك تۇتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن داستان ئېپىزوتى يەنىمۇ ئەپسانە تۈسكە كىرىپ خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېيىشى بىلەن ئۇلار تىرىلىدۇ. تاھىر-زۆھرە، ماھمجانلار بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتىكى سانلار:** 40 كېچە-كۈندۈز توي، نەچچە يىل، ئالتە تۆگە، توققۇز كۈن، 30 كۈن، 1000، ئىككى تاۋاق سۇ، ئۈچ يىل، يەتتە يىل، يەتتە ياش، 40 كۈن، 20 غۇلاچ، توققۇز تۆشەك، 40 غۇلاچ چاچ، 40 كۈنلۈك شىكار، ئۈچ كۈن مەجلىس، 300 بەگ، توققۇز دەرۋازا، 30 كۈن روزا، تۆت دار، تۆت پارچە (تاھىرنىڭ تۆت پارچە قىلىنىشى)، توققۇز ئاي، توققۇز سائەت، 800 شاھ كېمان يىگىت، ئون غۇلاچ، توققۇز ھۇجرا، 8000 كىشى، 50 قوي، 41 غۇلاچ ساچى، 300 جاللات، قىق (40) تال ئۆزۈم، 1000 چە كايمان، قىرىق كېنىزەك، ئۈچ مەرتە، بىر پاتمان توقاچ، توققۇز دەرۋازا.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتىكى جۇغراپىيەگە مۇناسىۋەتلىك ناملار:** تارىم دەرياسى (A)، توققۇز تارام، مەلىكە تېغى، توقسۇن، ئالتىشەھەر، چۈنتالاس — چون تالاس (چوڭ تالاس، تاھىر-زۆھرەنىڭ يۇرتى)، رۇم (G)، ئىراق (G)، تەڭرىقۇت باغرى (J)، چاھارباغ، رۇم دەرياسى، رۇم شەھرى.

**ئەزەربەيجان ۋارىيانتىدىكى يەر ناملىرى:** ئىسپانىيە، قەھرامان شەھرى، مىسىر، تۇنا يالىسى، تۈرك ھۆدۇدى (چېگراسى).

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتىكى ئۆسۈملۈك ناملىرى:** تېرەك، يانتاق، ئاق گۈل، قىزىلگۈل، توغراق، ئالما، يۆگەي، چىنار، ئازغان، تىكەن.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا كۆرۈلىدىغان يېمەك-ئىچمەك:** گۈلاب، بادام، ئارپا، ئۈزۈم، تالقان، كەفەك، كېپەك سۈيى، توقاچ.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا كۆرۈلىدىغان ھايۋان ۋە ئۇچارلار ناملىرى:** بوغاز كېيىك، ئات، چاچقان، شۇڭقار، جەرەن، قىرغاۋۇل، تايلاقتول، تۆگە، تۈلكە، قارا ئېشەك (بىر كۈندە ئالتە ئايلىق يولنى ماڭىدۇ)، ئارغىماق، توخۇ، ئىت، قوي، نەھەڭ-لەھەڭ، يەتتە باشلىق يالمۇۋۇز، لاچىن، غاز، ئۆردەك، قاغا، بۇغا، مارال، شىر، يولۋاس، قۇرغۇي، توشقان، ئۆچكە، مۈشۈك، توخۇ، ئاتان تۆگە، بۇغرا، سار، كاككۇك، زەينەپ، تايلاق.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا كۆرۈلىدىغان ياسالما بۇيۇملار ناملىرى:** داپ، قىڭغىراق (قىڭراق، قىلىچتىن كىچىك، پىچاقتىن چوڭ بولىدۇ)، ئۈنچە-مارجان، نوغۇچ، سۇپۇرا، تاختا، توپ، ئوقيا، توقام، ئالتۇن، كۈمۈش، ئېگەر، يۈگەن، قوشقۇن، لەئل — جاۋاھىر، ساداق، ئوق، يارجۇق، ئۇشۇق، ساقا، تۇزاغ، ساندۇق (قابىرچاق، A)، قىلىچ، گىلەم — گىرابانە، زىلچا — مەھرۇز، خەنجەر، نەيزە، دۇبۇلغە، ھەرىر چىن، چۆچەك، كىگىز، تۇماق، بۆرك، چوت، پىرىجە، قارا كېفىنەك (كىيىم)، ئورغاق، ئاق مۇنچاق، كۆك مۇنچاق.

**ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا كۆرۈلىدىغان موتىفلار:** خىزىر موتىفى، پەرزەنتسىزلىك موتىفى، سېھىرلىك قىزىل ئالما موتىفى، ئىسىم قويۇش موتىفى (تاھىر ۋە زۆھرە قويۇش ھەم تويىنى قىلىش تەلپى)، سىناق موتىفى.

**قىسقىچە سېلىشتۇرما:**

1) يۇقىرىدا كۆرگەن A ۋە G نۇسخىدا پادىشاھ ۋە ۋەزىرى ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھېكايە قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى نۇسخىدا «پەرزەنت تىلەش» ۋە «قىزىل ئالما» موتىفلىرى «غېرىب-سەنەم» داستانىغا ئوخشىشىدۇ، قارىغاندا «غېرىب-سەنەم» داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى، مەلۇم ۋەقەلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

2) B نۇسخىدا گەرچە ئاقخان ۋە قاراخان پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھى توغرىسىدا ئەھدە قىلىشىمۇ، ئاقخاننىڭ قىزى زۆھرە قاراخاننىڭ ئوغلى بىلەن ئەمەس بەلكى

ئاۋام ئارىسىدىن چىققان تاھىر بىلەن كۆيۈشۈپ قالىدۇ. قاراخاننىڭ ئوغلى زۆھرەسىز ھاياتنى خالىماي تاشقا ئۇسسۇپ ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇلار بىللە دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قارا خان ئوغلىنىڭ بېشىدىن تىكەن ئۈنىدۇ.

3) C نۇسخىدا تاھىر ۋە زۆھرە مۇرادىغا يېتىدۇ، باشقا ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدا بۇ داستان پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

4) B ۋە F نۇسخىلىرىدا ئۆلگۈچى ــ تاھىرنىڭ ئاتىسى قاراخان دېيىلگەندىن باشقا نۇسخىلاردا بىردەك، زۆھرەنىڭ ئاتىسى قاراخان، تاھىرنىڭ ئاتىسى ئاقخان بولۇپ سۆزلىنىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئېيتقۇچىنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

5) ھەرقايسى جايلاردىكى نۇسخىلىرىنىڭ سەھىپىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ، ئەڭ قىسقا بولغىنى Bۋە C نۇسخىلىرى بولۇپ بىر قەدەر ئاددىي، ئەمما ھەممە سۇژېتلىرىنى ئىچىگە ئالغان. بۇ نۇسخىلار بىر قەدەر كونىراق ھەم كەڭ تارقالغان چۆچەكسىمان نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ قالغان نۇسخىلار ئىچىدە مانا مۇشۇ ئىككى نۇسخا مەنبە نۇسخىلار بولۇپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا نۇسخىلار مانا بۇلارنى مەنبە قىلغان ھالدا كېڭەيتىش، بېيىتىش ھېسابىدا بارلىققا كەلگەن.

6) خوتەندىن تېپىلغان G نۇسخىدا تاھىر ۋە زۆھرەنىڭ يۇرتىنى چۇنتالاس (چوڭ تالاس)، تاھىر دەريادا ئېقىپ بارغان جاينى رۇم دەپ يېزىلىدۇ، باشقا نۇسخىلاردىن پەرقلىق ھالدا رۇم پادىشاھى بەھرام يەنە ئىراق ئارغىماقى تىلغا ئېلىنىدۇ، مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بۇ نۇسخا ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىن كىرگەن ياكى شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نۇسخا دەپ قارىدىم.

7) يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئوخشاشماسلىقتىن باشقا قۇرۇلما جەھەتتىن ھەممىسىدە ئورتاقلىق بار، يەنى بۇرۇنقى زاماندا ئاقخان ۋە قاراخان ئىككى پادىشاھ بولۇپ بىللە شىكارغا چىقىدۇ، شىكار جەريانىدا بۇ ئىككى پادىشاھقا بىر بوغاز ھايۋان يولۇقىدۇ، ئۇلار خوتۇنلىرىنىڭ ئېغىر بويلۇقىنى ئويلاپ ئوۋلىمايدۇ. ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن يۇقىرىقى ئەھۋالنى بايان قىلىشىپ، پەرزەنتلىرى توغرىسىدا ئەھدىلىشىدۇ، پەرزەنتلەردىن بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا تويىنى قىلىشقا كېلىشىدۇ، ئەھدىلىشىپ بولغاندىن

كېيىن شىكاردا يۈرگەن ئىككى پادىشاھقا خوتۇنلىرىنىڭ يەڭگىگەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ. ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىك خۇشاللىقىدا ئات چاپتۇرۇپ شىكاردىن قايتقان ئاقخان ئاتتىن يىقىلىپ قازا قىلىدۇ. قىز پەرزەنت كۆرگەن قاراخان ناخۇش ھالدا قايتىدۇ ھەمدە ئاقخاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنى يەرلىكىدە قويىدۇ. قاراخان ئاقخاننىڭ پەرزەنتىنى ئېلىپ كېتىپ ئوردىسىدا ئىككى بالىنى بىللە باقىدۇ ۋە ئۇلارغا تاھىر ۋە زۆھرە دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قېرىنداش دەپ بىلىدۇ، چوكىيۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر موماي سەۋەبىلىك ئاتىلىرى ئارىسىدىكى ئەھدە ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداش ئەمەسلىكى ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشقى يالقۇنجايدۇ. قاراخان ئەھدىسىنى بۇزىدۇ. (يېغىنى قايتۇرغۇچىغا زۆھرەنى نىكاھلاپ بېرىش، يېتىم ئوغۇلغا بېرىشنى خالىماسلىق دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن)، لېكىن تاھىر ۋە زۆھرە ئۆز ئىشقى بىلەن بولۇشىدۇ، مۇشۇ پەيتتە پادىشاھ زۆھرەنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغان قارا باتۇرنىڭ ئەرز-دادىغا ئاساسەن غەزەپلىنىپ تاھىرنى ئۆلتۈرۈشكە يارلىق قىلىدۇ، لېكىن ۋەزىرلىرى ۋە خەلق تاھىرنىڭ ھاياتىنى تىلەپ تۇرۇۋالغاچقا، ساندۇق ياسىتىپ ئىچىگە تاھىرنى سېلىپ دەريادا ئېقىتىۋېتىدۇ. تاھىر ساندۇق بىلەن ئېقىپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا بارغاندا شۇ ئەلنىڭ قىزى سۇزۇۋالىدۇ، پادىشاھ قىزىنى تاھىرغا نىكاھلاپ بېرىدۇ، لېكىن چىن سۆيگۈسىگە ساداقەت بىلەن قارايدىغان تاھىر پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن بىر تەكىيگە باش قويمايدۇ، ئاخىر يۇرتىغا قايتىدۇ ھەم يوشۇرۇن ھالدا زۆھرە بىلەن ئىشرەت سۇرىدۇ، ئەمما ئۇزاققا قالماي بۇ سىر ئاشكارىلىنىپ قاراخاننىڭ يارلىقى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. زۆھرە تاھىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قارا باتۇرغا تېگىشكە رازىلىق بېرىش ئارقىلىق ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇش بىلەن بىللە ئۆزىگە بولغان دىققەتنى بوشاشتۇرىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە تاھىرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش باھانىسىدە قەبرىگە چىقىپ، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆزى چاچقان ئۈنچە-مارجانلارنى تېرىشكە بۇيرۇۋېتىپ، تاھىر قەبرىسىدە يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. زۆھرەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قارا باتۇرمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئاقخان قارا باتۇرنى ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يەرلىكتە قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزىلگۈل، ئاق گۈل ۋە يانتاق ئۈنىدۇ، يانتاق ئىككى گۈلنىڭ يېقىنلىشىشىغا يول

MIRAS

قويمايدۇ (بەزى ۋارىيانتتا بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنۇپ چىققان ئازغان ياكى يانتاق چىپىۋېتىلىدۇ). مانا ئۇيغۇر ۋارىيانتىدىكى ئومۇمىي سۇژىت بولۇپ جايلاردا ئېيتىلىش جەريانىدا بەزى ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق بېيىتىلگەن.

**«تاھىر ـ زۆھرە» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى تەسىرى توغرىسىدا:** «تاھىر ـ زۆھرە» داستانى ئۇيغۇر خەلقىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئومۇملىشىپ پاك سۆيگۈنى مەدھىيەلەيدىغان بۇ داستان شۇ يۇرتتىكى ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرى، مەدداھلار (ۋايىزلار) تەرىپىدىن بېيىتىلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قوشۇپ بايان قىلىنغان. «تاھىر ـ زۆھرە» خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىلا تارقىلىپ قالماستىن يازما ھالەتتىمۇ تارقالغان، بۇنىڭغا خوتەن ۋە ئىلىدىن تېپىلغان قول يازما شۇنداقلا ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغىچە يېزىقى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇملاشقانلىقتىن، باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى ۋارىيانتلىرى ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئېغىز ئارقىلىق تارقالغان بولسا يازما ھالەتتىمۇ يېتىپ كېلىپ ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ بېرىشى بىلەن تارقالغان، بۇنىڭغا سەييادى (1938 ـ يىلى يېزىلغان)، موللا نەفەس (1810ــ1862) ۋە تاتار تىلىدىكى ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئۆزبېكچە ۋارىيانت (رەھمەتۇللا يۈسۈپئوغلى ئېيتىپ بەرگەن، مۇھەممەدنادىر سەئىدوف نەشرگە تەييارلىغان، غافۇر غۇلام نامىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى 1974 ـ يىلى نەشر قىلغان نۇسخا)، جاھىت ئۆزتەللى تەييارلىغان «تاھىر ئىلە زۆھرە ھېكايىسى»، ئاشىق بەھچەت ماھىر ئېيتىپ بەرگەن «تاھىر مىرزا ئىلە زۆھرە بانۇ» قاتارلىق تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كۆرىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلاردىكى ۋارىيانتلارنىڭ ئۆز خاسلىقى بولۇش بىلەن بىللە قېرىنداش خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، ئەمما خاسلىقى يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بەزى ۋارىيانتلاردا قوشاقلارنىڭ ئوخشاش ئېلىنغانلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز. «تاھىر ـ زۆھرە»دىن ئىبارەت بۇ خەلق ئېغىز ئىجادى خەلقىمىزدە داستان ۋە چۆچەك شەكلىدە ئېيتىلىپ كەڭ تارقالغانلىقتىن، داستان ۋەقەلىكى قوشاقلاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن،

مىرسۇلتان ئوسمانوف تەرىپىدىن لوپ رايونىدا 1960 ـ يىلى خاتىرىلەنگەن بىر كۇپلېت قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

كىرەدىمەن تايىردەك ساندۇق چاپىپ،
سېنى ئونوپ ياشىم دەريادەك ئاقىپ.
قىزىلگۈلۈم ئانچەلىك كۆكلۈك ۋولسا،
بارار ئىدىم جايىڭگى ئىزدەپ تاپىپ.

لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ چارا مەھەللىسىدىن ئىسلام ئاخۇن 1960 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىرسۇلتان ئوسمانوفقا ئېيتىپ بەرگەن قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

تايىرنى سالغان يۇرتۇ،
ئەرۋەشىندەك ئېشىلىپ ماڭسا پۇتۇ.
ئاناسىدىن قارچۇغادەك تۇغۇلۇپ،
ئاق يۇزۇگە ياراشادۇ مۇرۇتۇ.

تايىرخاننى ساندۇقتا تىرىك سالغان،
دەريادا چۆرۈلۈپ ئاقىپ بارغان.
توققۇز تارىم دېگەن يەرگە بارغاندا،
ئۆتۈپ بارغان كارگاڭغا نەزمى سالغان.

نەزمى تاشتاپ شۇندۇن ساندۇق ئاچىلغان،
تايىرما زۇرا ئۇچۇن ئاتىلغان.
ئاداش ئۇينوش بىززىنىلا قالغان ئەمەس،
شۇنىڭدەك ئۇلۇغ زاتلاردىن قالغان.

ئەرگىپ كېلىپ تايىر زۇرا قاتىلغان،
پەرمان بولۇپ يەردىن ئاغزى ئاچىلغان.
قىرىق يىلدا ئۆلمەي چۆرۈلۈپ بارىپ،
نەزمى تاشتاپ شۇندۇن ساندۇق ئاچىلغان.

گادەلىشىپ تايىر زۇراغا كەلگەن،
ئايرىلاردا نەزمە سالىپ گەپ دېگەن.
قارىپ كەتتىم شەيتانغا تويمۇي كۆڭنۇم،
كىچىگىڭدىن ئانامدىن خام سۈت ئەمگەن.

چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزا تۇغ مەھەللىسىدىكى 71 ياشلىق ساۋاتسىز دېھقان ئېيتىپ بەرگەن قوشاقتا

مۇنداق دېيىلىدۇ:

يانمايدىمەن كەينىمگە،
تاھىردەك ئېقىپ سۇدا.
مەن جانىمنى ئايىماي،
ئۆلۈپ كېتەرمەن شۇندا.
غايىبنىڭ ئۆزى بىلۇر،
قىيامەت بولار شۇندا.

لوپنۇر ناھىيەسىدىن مەرھۇم قوشاقچى بىغىم نىياز ئېيتىپ بەرگەن، توختى جامال خاتىرىلىگەن «ئۇجۇلۇقۇ ئۈيۈغۇ» ناملىق قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

كىشى كۆرمىگەن جانىنى،
قەيەردىن ئۇنۇتاي يارنى،
ئاياغى تۆمۈر كاپىش.
كۆندە باسۇرسەن سايىنى.
كىشى كۆرمىگەن جانىنى،
ئەگىتەي ئالتە شەنى.
ئالتە شەگە تاۋاغان (داڭ كەتكەن)،
تايىر پاشا گاڭنى.
ئۇما جانىنى ئاياماي،
ئىستەگەن زۇياخاننى.
...
بىز تەرەپكىچە كەلگەن،
تايىر پاشانى داڭى.
ئۇما جانىنى ئاياماي،
ئىستەگەن زۇياخاننى.

بىغىم نىياز ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن بۇ قوشاق ھەققىدە، ئاتىسى مۇھەممەد سوپىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، 1960 ـ يىلى يازغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ قوشاق داستان ۋەقەسىگە مۇراجىئەت قىلىنغان ھەمدە 1960 ـ يىلى ۋۇجۇدقا كەلگەن. 1945 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ل. مۇتەللىپ يېزىپ ھەم رېژىسسورلۇق قىلغان «تاھىر ـ زۆھرە» ئاقسۇ سەھنىلىرىدە ئوينالغان، 1956 ـ يىللىرى سابىر ئابدۇللا يازغان «تاھىر ـ زۆھرە» ناملىق سەھنە ئەسىرىنىڭ نەشرى نۇسخىسى شىنجاڭدا تارقالغان بولسىمۇ، لوپلۇقلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىمۇ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ساۋاتلىقلارنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى سەۋەبىدىن ئالغاندا، بۇ نەزمىلەر يەرلىك خەلق لوپلۇقلارنىڭ بۇرۇندىن تارقىلىپ كەلگەن سۆزنىلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوپنۇرلۇق تۇردى سەمەت ئېيتىپ بەرگەن، توختى جامال خاتىرىلىگەن «قاراقوشۇنلۇقلار قوشىقى»دا مۇنداق دېيىلگەن:

بوز يىگىتنى يەزىت دارغا ئاسقان،
قانلىرى ئۇيۇپ دەرياغا ئاققان.
ئۆلگەرىكى تاھىر ـ زۆھرەخانلارمۇ، ئۆز دەردلىرىنى نەزمىگە قاتقان.

لوپنۇر ناھىيە تارىم يېزا بەخت كەنتىدىن 71 ياشلىق ساۋاتسىز دېھقان ئەبەي قارى 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېيتىپ بەرگەن، ئايشەم ئەبەي خاتىرىلىگەن قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

تايىرجاندەك ساندۇقتا ئۈچ يىل ياتىپ،
سېنى ئەسلەپ ياشىم دەريادەك ئاقىپ.
قىزىلگۈلۈم ئانچىلىك كۆڭلۈڭ بولسا،
كېتىمەنغۇ يۈرگەن جايىڭنى تاپىپ.

يۈسۈپ ئىسھاق نەشرگە تەييارلىغان، لوپنۇر ناھىيەسىدىن ئىسلام ھېلىم، سۇلايمان سېتىلار ئېيتىپ بەرگەن «بوز كۆرپەش- قاراساچ ئايىم» داستانىدا بوز كۆرپەش ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەرلىكتە قويماق بولغان قارا كۆز ئايىم (باشقا نۇسخىلاردا قاراساچ ئايىم دېيىلگەن) ئېيتقان قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

بىللە ياتاي سەن بىلەن،
مەنمۇ زۆھرەدەك بولۇپ.
ئۇ ئالەمدە خۇدايىم،
قويار بىزلەرنى قوشۇپ.

بۇنىڭدىن باشقا مالوف 1914 ـ يىلى خاتىرىلىگەن قوشاقلار ئارىسىدىمۇ تاھىر ـ زۆھرەگە ئائىت ئۇچۇرلار كۆرۈلىدۇ. لوپنۇر ناھىيەلىك ئۈچ توپلام ئىشخانىسى نەشر قىلغان «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» ئارىسىدا بەزى مىسرالاردىمۇ تاھىر ۋە زۆھرە تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، «تاھىر ـ زۆھرە» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارالغان ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ داستان كەڭ تۈردە ئومۇملاشقانلىقتىن، خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھازىرقى تېپىلغان نۇسخىلىرىدىن قارىغاندا، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەڭ چەت يەرلىرىدىن بولغان چاقلىقتىن تارتىپ خوتەن، گۇما،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، كورلا، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا تارقالـغان نۇسخىلىرىنىڭ بولۇشى ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەممە يەردە تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ داستان تۇغـرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار كەلگۈسىدە داستاننىڭ بارلىققا كېلىش، تارقىلىش، موتىفلارنىڭ قوشۇلۇش جەريانىنىمۇ نامايان قىلىپ بېرىشى مۇمكىن.

| | A | B | C | D | E | F | G | H | I | J |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تارقالغان جاي | كورلا | چارقىلىق | خوتەن | كاشغەر | باي | لوپنۇر | خوتەن | ئىلى | ئىلى | ئىلى |
| خاتىرىلەنگەن ۋاقىت | 1956 | 1914 | 1935 | 1921 | 1990 | 2002 | | 1906 | 1880 | 1880 |
| پادىشاھ | √ | | | | | | √ | | | |
| ئاقخان | | √ | √ | √ | √ | √ | | √ | √ | √ |
| قاراخان | | √ | √ | √ | √ | √ | | √ | √ | √ |
| ئوڭ قول ۋەزىر | √ | | | | | | √ | | | |
| قاراباتۇر، قاراكاپىر، ئەرەب قۇل، تاز | √ | √ | √ | √ | √ | √ | | √ | √ | √ |
| پەرزەنتسىزلىك | √ | | | √ | | | √ | | | √ |
| خىزىر | √ | | | | | | √ | | | |
| قىزىل ئالما | √ | | | | | | √ | | | |
| ئەھدە | √ | √ | | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ |
| ۋەزىر ئۆلۈمى | √ | | | | | | | | | |
| دەرياغا تاشلاش، سۈرگۈن | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ | • √ |
| ئۆزگە يۇرت شاھ قىزىغا ئۆيلىنىش | √ | √ | √ | √ | √ | √ | | √ | √ | √ |
| زۆھرە قاراباتۇر نىكاھىدا | √ | √ | | | | | | √ | | |
| تاھىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى | √ | √ | | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ |
| زۆھرەنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى | √ | √ | | √ | √ | √ | √ | √ | √ | √ |
| قاراباتۇرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى | √ | √ | . | √ | | √ | √ | √ | | √ |
| ئاق كۆل، قىزىل كۆل، يانتاق | √ | √ | | √ | √ | √ | √ | √ | | √ |
| ۋەزىر ئۆلۈمى | √ | | | | | | | | | |
| قاراخان ئۆلۈمى | | √ | | | | √ | | | | |
| ئاقخان ئۆلۈمى | | | √ | √ | √ | | | √ | √ | √ |
| سىناق | | | √ | √ | | | | | | √ |
| تاھىر ـ زۆھرەنىڭ مۇرادىغا يېتىشى | | | √ | | | | | | | |
| قاراباتۇرنىڭ شەھەردىن قوغلىنىشى | | | √ | | | | | | | |


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. دوكتور دوغان قايا: «تاھىر ئىلە زۆھرە ھېكايىسى»، «تۈرك خەلق كۈلتۈرىدىن تەرمىلەر 1993»، ئەنقەرە 1995 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

2. دوكتور فىكرەت تۈركمەن: «تاھىر ئىلە زۆھرە»، تۈركىيە ئاتاتۈرك كۈلتۈر مەركىزى 1998 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

3. دوكتور ئابدۇۋەلى كېرىم: «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېغىز ئىجادى ــ داستانلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2014 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

4. غالىب بارات ئەرك: «سۆيگۈ ئابىدىسى ــ تاھىر ۋە زۆھرە» (يازما، داستانلار توپلىمى ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش)


(ئاپتور: شىنجاڭ چارقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدىن)



# ھېسام قۇربان جىلىلىيۇزدە

جامالىدىن جالالىدىن

غۇلجا شەھىرىنىڭ جىلىلىيۇزى ناھىيەسى ئۇزاقتىن
بۇيان بۇك-باراقسان ئالما، ئۆرۈكلۈك باغلىرى، خۇش
پېئىل نەغمىچىلىرى، چاقچاقچىلىرى، ھەر ساھە، كەسپلەر-
دىن يېتىشىپ چىققان تۆھپىكارلىرى، يېقىنقى يىللاردىن
بىرى غۇلجا ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدە
ھەر يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان ساياھەت-
مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان «چېچەك بايرىمى» بىلەن
يىراق-يېقىنغا نامى تېخىمۇ كەڭ تارالغان ئۆزگىچە خاسلىق-
قا ئىگە يۇرتلارنىڭ بىرى.

«جىلىلىيۇزى» دېگەن نام ھەققىدە ئېيتىلىشىچە
ئەينى دەۋرلەردە بۇ يۇرتقا «جىلىل» دېگەن كىشى يۈز
بېگى بولغانلىقى ئۈچۈن «جىلىلىيۇزى» دەپ ئاتالغانىكەن.

1957-يىلى غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇ-
رۇلغان ۋاقىتلاردىن تارتىپ، ئاۋام چاقچاقچىسى ھېسام
قۇربانمۇ ئۆمەك ئەزاسى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللى-
رىغىچە جىلىلىيۇزىدە ئۆتكۈزۈلگەن توي-تۆكۈن،
مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارغا كۆپ قېتىم تەكلىپ بىلەن قات-
ناشقان. بۇ جەرياندا جىلىلىيۇزىدىكى ياشانغان مويسىپىتلەر-
دىن تارتىپ دەۋرىمىزدىكى يىگىتلىرىمىزگە قەدەر ئۇنىڭ
چاقچاقلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ، ھۇزۇرلارنى ئېلىپ،
بۇ چاقچاق شاھىغا بولغان چىن مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ
كەلگەن.

تۆھپىكار سەنئەت ئۇستازى، شائىر، تەرجىمان، ئاپ-
تونۇم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
پېنسىيونېرى ھېيتەم ھۇسەيىن ئاكا «ئۆسمۈر ناخشىچى»
ئاتالغان مەزگىللىرىدىن باشلاپلا ھېسام قۇربان بىلەن يې-
ڭىدىن قۇرۇلغان غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدە بىللە
ئىشلەش داۋامىدا بىر ياتاقتا ياتقان. ھېيتەم ئاكىنىڭ ئېيتى-
شىچە شۇ ۋاقىتلاردا ھېيتەم ھۇسەيىن، ئاكا يوللۇق ھېسامە-
دىن گەپ-سۆزلەردە تەپتارتىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ قىزىق
گەپلىرىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە بەزى سوئاللارنى سوراپ
تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھېسام ئاكىنى گەپكە سېلىپ

«ھېسامكا، نېمىشقا تۈز ماڭماي، دەلدەڭشىپ ماڭىسەن؟» دەپتىكەن، ھېسام جاۋاب بېرىپ، «مەندىن بۇرۇن تۇغۇلغان ئاكا-ھەدىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئايىغى چىقىش بىلەنلا كۆز تېگىپ تۈگەپ كېتىپتىكەن. شۇڭا ئاپامنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كىچىكىمدىن مۇشۇنداق مېڭىشقا ئادەتلىنىپ، كۆز تېگىشتىن ساقلىنىپ قالغانمەن» دەپتۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناپ چىققان «گۈلنىسا» دىرامىسىدا ئۆمەكنىڭ تەمبۇرچىسى، ئاكتيورى ئاللام تۇردى (ئاللابەردى، 1920 ـــ 1992) سەلبىي شەخس قادىرنىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىپ تاماشىبىنلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ.

شۇ جەرياندا ھېسام بىر قىسىم كۆرۈرمەنلەرنىڭ مەزكۇر دىرامىنى كۆرۈش داۋامىدا سەلبىي ئوبراز قادىرغا نەقەدەر ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. دىراما يەنە ئوينىلىپ گۈلنىساغا قادىر (ئاللام) قولىدىكى پىچاق (ياغاچ پىچاق)نى ساپتۇ. گۈلنىسا «ئاھ قانخور!» دەپ ئىڭرىغان پېتى (مەيدىسىگە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قىزىل سىياھ قاچىلانغان ھەمەلچىنى مىجىشى بىلەن تەڭ قىزىل سۇيۇقلۇق چاچراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئايدەك يۈز-كۆزىنى قىپقىزىل قان رەڭگىدە بوياۋېتىپتۇ-دە، نادامەت ئىچىدە يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا قادىر قان تېمىپ تۇرغان پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ناھايىتى بېرىلىپ، ئويۇن كۆرۈۋاتقىنىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغان بىر تەمبەل يىگىت يۈگۈرگىنىچە سەھنىگە چىقىپ، ئاللامنىڭ قولىدىكى پىچاقنى بىر ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكىنىچە، ئاللامنىڭ كانىيىدىن بوغۇشقا باشلاپتۇ. ئاللام بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن قورققىنىچە ھېسامنى ۋارقىراپتۇ. سوپىكتىرلىق (سەھنە كەينىدە تۇرۇپ، ئارتىسلەرنىڭ ئۇنتۇپ قالغان گەپلىرىنى دەپتەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا دەپ بەرگۈچى) قىلىۋاتقان ھېسام ئاكىمۇ دەرھال كېلىپ، ھېلىقى يىگىتكە «نېمە قىلغىنىڭ بۇ، بۇ دېگەن ئويۇن تۇرسا» دەپتىكەن، ھېلىقى يىگىت دەرھال ئېسىنى يىغىپ «ئەستەغپۇرۇللا، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ھېسامكا!» دېگىنىچە يىغلاپ كېتىپتۇ. ھېسام ئاكا «نېمە قىلاتتىڭ؟ ئاللام ئاكاڭنى بوغۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىنچۇ ئويۇن كۆرگىلى كەلگەندە ئىككى قولۇڭنى باغلاپ قويۇپ كىرگىن. بولمىسا سېنىڭ بۇنداق بوغۇشۇڭغا ئارتىس توشامدۇ؟!» دەپتىكەن، بۇ گەپتىن ئەتراپتىكىلەر ئارىسىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ھېسام ئاكا ئاللام تۇردى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئولتۇرۇشتىن تۈن نىسپىدە قايتىپ كېتىۋاتسا يىراقتىن بىراۋنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا ھېسام ئاللامغا قاراپ، «تەمبۇرۇڭنى ماڭا بەرگىنە ئۇنى بىر قورقۇتۇپ باقاي» دەپتىكەن، ھېسامنىڭ بۇ گېپىگە قىزىققان ئاللام ئاكىمۇ «مە» دەپلا قولىدىكى تەمبۇرنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشىگە سىنچىلاپ قارىسا، ھېسامغا تونۇش كىشىكەن. ھېسام ئۇنىڭغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپ، قولىدىكى تەمبۇرنى مىلتىق قىلىپ تەڭلىگىنىچە «كۆتە قولۇڭنى» دەپتىكەن، بۇ تۇيۇقسىز ۋارقىراشتىن قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى كىشى دەرھال قېچىپ كېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىشى ھېسام بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ھېسام ئۇنىڭغا «ھېلىقى كېچىدىكى ساقچىنى قايتا كۆردۈڭمۇ» دەپتىكەن، ئۇ شۇنداقلا ئىشنىڭ تەگىنى چۈشىنىپ «ھوي، كېچىدە مېنى قورقۇتقان ‹يالغان ساقچى› سەنكەنسەندە ھېسامكا» دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

تۇرپانىيۇزلۇك پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى شەمشىدىن ئىسمائىل (شەمەت، 1944-يىلى تۇغۇلغان)نىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار جېلىلىيۇزى بازىرىدا كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپتۇ. ھېسام تۇرپانىيۇزلۇك ئاۋام سەنئەتچىسى تۇداخۇن ئۇلاتا (1920 ـــ 1997) بىلەن بىللە يالغان ساقال-بۇرۇتلارنى بېكىتىپ ئىككى باينىڭ رولىغا چىقىپتۇ. ئىككىسى سەھنىدە پاراڭ قىلىۋاتقاندا ھېسام «ئۆھۆ» دەپ يۆتەلگەنىكەن، ئۇنىڭ يالغان ساقىلىنىڭ بىر قىسمى شۇ زاماتلا ئېڭىكىدىن ئاجراپ كېتىپ ساڭگىلاپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بەزىلەر «ئاپلا چاتاق بولدى، ھېسام ئەمدى قانداق قىلاركىن» دەپ تۇرۇشىغا، ھېسام ساقالنى تۇتقىنىچە ئۇڭشىغاچ تەمكىنلىك بىلەن «توۋا قىلدىم قېرىغاندا ساقالغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن-ھە» دەپتىكەن، ھەممەيلەن ئۇنىڭ چاندۇرماي دەل جايىدا كەلتۈرۈشىدىن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پېنسىيونېرى، پېشقەدەم ئارتىس، ناخشىچى تىلىۋالدى مۇھەممەد ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە 1970-يىللىرىدا جېلىلىيۇزىدىكى بىر قىسىم ئاغىنىلەر ئائىلىۋى ئولتۇرۇشلارنى ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېساممۇ بار ئىكەن.
ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كەچلىكى «تۇرسۇن پانۇس»
ئىسىملىك يىگىت ئاغىنىلىرىگە ھويلىسىدىكى ئۈزۈم بارىڭى-
نىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ مەزگىللەردە
ئائىلىلەردە يورۇتۇشقا پانۇس ئىشلىتىدىكەن. ھېسام
باشلىق 30 ئوغۇل تازا بېرىلىپ ناخشا-سازلاردىن پەيزى
ئېلىۋاتقاندا بارىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ قويغان پانۇس تۇيۇقسىزلا ئۆچۈپ قېلىپ ھەممە قا-
راڭغۇلۇق ئىچىدە قاپتۇ. بۇ چاغدا ھېسام ساھىبخاننى
شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، قىزىقچىلىق قىلىپ «ئاغىنىلەر
تۇرسۇن پانۇس تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ھۆرمە-
تىگە بىر دۇئا قىلىپ قويايلى!» دەپتىكەن، ھەممەيلەن
قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى ھېسام ئولتۇرۇشقا كېچىكىپ قاپتۇ. بۇ
چاغدا بىرەيلەن ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن ئۈنلۈك ئا-
ۋازدا «ھوي ھېسام ئولتۇرۇشنىڭ قائىدىلىرىنى تولۇق
بىلىپ تۇرۇپ، نېمشقا كېچىكسەن» دەپتىكەن. ھېساممۇ
بوش كەلمەي «نېمانچە ۋارقىرايسەن ئاداشۇي، كېچىدە
نى-نى يوغان قارىياغاچلاردىن قورقماي كەلگەن تۇرسام،
ئەمدىزە سېنىڭ ۋارقىرىشىڭدىن قورقامدىم» دەپتۇ.
ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەر
قايسى ئورۇنلاردا «خەلق ئەسكەرلىرى» (مىنبىڭ) ئەت-
رەتلىرى قۇرۇلۇپ، مەشقلەر ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتلاردا
ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى خادىملارنىمۇ ھەربىي
مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەكچىنىڭ مەسئۇللۇقىدا جاڭ-
گالباغ (تۇرپانيۇزىدىكى ھازىرقى چىڭخۇا مېھمانخانىسى-
نىڭ ئورنى)غا ئاپىرىپ بىر نەچچە كۈن مەشقلەندۇرۇپتۇ.
ئاندىن كېيىن مەشىق ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر بىرد-
گە بىر نەچچە دانىدىن ئوق تارقىتىپ بەلگىلەنگەن نىشانغا
ئېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەر نۆۋەت بىلەن ئوق
ئېتىپ كۆپى نىشانغا تەگكۈزۈپتۇ. شۇ قاتاردا ھېساممۇ بار
ئىكەن. لېكىنزە ھېسام زادىلا نىشانغا تەككۈزەلمەپتۇ. بۇ
چاغدا يېتەكچى ھېسامنى يېنىغا چاقىرتىپ «ئوقنىڭ ھەممە-
نى تۈگىتەي دېدىڭ، بىرنىمۇ تەگكۈزەلمىدىڭغۇ؟ ئوقنىڭ
بىر تىلى 70 تىيىن تۇرسا بۇنداق قىلساڭ دۆلەتكە زىيان
ئەمەسمۇ» دەپتىكەن، ھېساممۇ خىجىل بولغان ھالدا
«باشلىق ئەڭ ئاخىرقى بىر تاللا ئوق قالدى، گۇناھىم
ئۈچۈن شۇ ئوقنى ئۆزۈمگىلا تەگكۈزەي جۇمۇڭ» دېگە-
نىچە مىلتىقنى كۆتۈرگەن پېتى چاتقاللىق تەرەپكە مېڭىپتۇ.
بۇ چاغدا يېتەكچى ۋە مىنبىڭلار «ھېسام يەنە قانداق قى-
زىقچىلىق قىلاركىن» دېگەن مەقسەتتە گەپمۇ قىلماي تۇ-
رۇۋاپتۇ. ھايال ئۆتمەي «پاڭ»قىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلى-
نىپتۇ ـ دە، ھايال ئۆتمەي ھېساممۇ سالپايغىنىچە ئاستا
چاتقاللىقتىن چىقىپ، باشلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ «كەچۈرۈڭ
باشلىق، بۇ ئوقمۇ تەگمىدى» دەپتىكەن، ئۇنىڭ جاۋابى-
دىن ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى ئاللەم تۇردى ھېسام قاتارلىق بىر نەچچەي-
لەن بىلەن پاراڭ سېلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئارىدىن ئاللەم ھې-
سامغا قاراپ، «ھېسام ئۇكا، بىزمۇ سورۇنلاردا خېلى يېڭى
چاقچاق، يۇمۇرلارنى دېگەندۇق، بىراق بۇ يۇمۇرلىرىمىز
بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتمەيلا باشقىلار تەرىپىدىن ھېسام
مۇنداق دەپتۇ، ھېسام ئۇنداق دەپتۇ ـ دەپ، سېنىڭلا
بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ!» دەپتىكەن. بۇ
گەپنى ئاڭلىغان ھېسام «ھەرقايسىڭ خۇدىيار يۈزىدىكى
ھېلىقى يوغان قارىياغاچنى بىلسەن. ئۇ قارىياغاچنىڭ شاخلى-
رىغا ئىرىم قىلدۇق دەپ ھەممە دېگۈدەك بوقۇش-پۇقۇش،
لاتا-پاتىلارنى باغلاپ قويىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ
يۇمۇر-چاقچاقنىڭ ئىرىمى، يۇمۇر-چاقچاقلىرىڭلار
بولسا ماڭا ئاتىۋېرىڭلار، كۆتۈرەلەيمەن» دەپتۇ.
بىر كۈنى ھېسام ئاكا قاتارلىق بىر نەچچە ئاغىنە تاما-
شا قىلىش ئۈچۈن جېلىلىيۈزى تەۋەسىدىكى بىر باغقا كىرىپ-
تۇ. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن يىراقراق يەردە مۆكۈنۈپ تۇرغان
توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ھېسامنى گەپكە سېلىپ
«ھېسام ئاۋۇ توشقاننى قوغلاپ باقامسەن؟» دەپتىكەن،
ھېساممۇ ھازىر جاۋابلىق بىلەن «ماڭا ئوخشاش يۈگۈرىد-
غان توشقان بولسا چوقۇم قوغلاپ باقمەن» دەپتۇ.
بىر كۈنى ھېسام قاتارلىقلار ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە
مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ. كۈلكە-چاقچاقلار بولۇپ بىر ھا-
زادىن كېيىن ساھىبخان مېھمانلارغا چۆچۈرە ئەكىرىپتۇ.
ئۇلار رەھمەتلىرىنى ئېيتىپ چۆچۈرىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ.
ئارىدا ساھىبخان بىر ئىش بىلەن تالاغا چىقىپ كەتكەندە
بىرەيلەن ھېسامنى نېمە دەركىن دەپ گەپكە سېلىپ،
«ھېسام چۆچۈرە قانداقراق بوپتۇ» دەپتۇ. ھېسام «چۆچۈرىڭغۇ
بەك ئوبدان بوپتۇ. بۇ ئاداش بىزنى بەك چوڭ بىلىدىغان
ئوخشايدۇ» دەپتىكەن، يەنە بىر سورۇندىشى «قانداق
دەيسەنوي ھېسام» دەپتۇ. ھېسام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«يەپ بىلمىدىڭلارمۇ چۆچۈرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەلەيلىك قىلىپ تۈگۈپتۇ ئەمەسمۇ؟» دەپتىكەن ئاغىنىلەر ھېسامغا قارىغىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

دەۋرىمىزدىكى شېئىرىي چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ بىرى، يۇسۇپجان قېيۇم بىر نەچچە قېتىم ھېسام قۇربان بىلەن سىرداش بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ شېئىرىي چاقچاقلارنى قىلىپ، سىرۇنلارنىڭ پەيزىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

جىلىلىيۈزىدىكى بىر قېتىملىق باغ ئولتۇرۇشىدا يۇسۇپجان قېيۇم ھېسام ئاكىغا ئاتاپ يازغان شېئىرىي چاقچىقىنى ئوقۇپتۇ.

ھېسامكامدۇر ئۇزاقتىن نامى چىققان چاقچاقچى،
چاقىرسىلا ئۇ شۇڭا توي-تۆكۈندىن قالمايدۇ.
كېلىپ بىر كۈن ئەزرائىل، ئۇ ئالەمگە بار دېسە،
جاھىللىق قىپ ھېسامكام پۇل بەرمىسە بارمايدۇ.

ھېسام ئاكا بۇ شېئىرىي چاقچاقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زوق-شوقى بىلەن بىر ھازا كۈلۈپتۇ. ھېسامكامنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىكنى كۆرگەن يۇسۇپجان شېئىرىي چاقچاقنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كۈلۈۋەرمەڭ ئۇستازىم، ئاددىي شېئىرىي چاقچاققا،
ھاردۇق ئالغاچ سىرۇندا، ئېلىپ بېرىڭ قورۇمدىن.
بۇرۇنقىدىن قارىسام بەك ئورۇقلاپ كېتىپسىز،
زىمىنخان ھەدىمىز قىسۋەتتىمۇ نورمىدىن.

ھېسام ئاكا يۇسۇپجاننىڭ شېئىرىي چاقچىقى تۈگىشى بىلەن «يارايسەن بالام، كالپۇكۇڭغا تۇشلۇق بىر نېمە دېدىڭ جۇمۇ!» دەپتىكەن، كۆپنىڭ كۈلكىسى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ھېسام ئاكىنىڭ جىلىلىيۈزىدىكى ئىزباسار چاقچاقچىلىرىدىن سالى ساۋۇت، لەتى (ئابدۇللېتىپ)، مىجىت ئابدۇراخمان، پەرھات قاتارلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پاشالىق باغدا ھەر كەسىپتىكى بىر قىسىم چوڭلار ۋە ياشلار قاتناشقان ھېسام قۇربانغا ئاتالغان خاتىرىلەش سىرۇنى تەشكىللەپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئولتۇرۇشنى سالى ساۋۇتنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سالى يۇسۇپجان قېيۇمغا «ئۇكا بۇ خاتىرە ئولتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى سىزنىڭ شېئىرىي چاقچىقىڭ بىلەن باشلايلى! دەسلەپ ھېسام ئاكىنى ئۆزۈڭ بىر كەلتۈرگىنە ئۇكا» دەپتىكەن. يۇسۇپجان ھېسام ئاكا ھەققىدىكى شېئىرىي چاقچىقنى ئوقۇش ئالدىدا ھېسام ئاكىغا چاقچاق قىلىپ، «ئۇستاز، بۇگۈن سىزنى سوراق قىلىدىغان بولدۇم، دەلدەڭشىمەي جاۋاب بەرگەيسىز» دەپتىكەن، ھېسام ئاكىمۇ دەرھاللا «نەچچە سوئالىڭ بولسا سوراۋەر، ئىشقىلىپ پۇللا سورىمىساڭ بولدى» دېگەنىكەن، ھەممە بىردەك قىيقاس سېلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بىر ھازا كۈلكىلەردىن كېيىن يۇسۇپجان شېئىرىي چاقچىقنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ.

ئاتمىش يىللىق تويىڭىز قۇتلۇق بولسۇن ھېسامكا،
چاقچىقىڭىز ھەر دائىم ئوتلۇق بولسۇن ھېسامكا.
سىرۇنلاردىن قالماستىن، پۇل بەرمىسە بارماستىن،
يانچۇقىڭىز ئۆرۈمدىن پۇللۇق بولسۇن ھېسامكا.

سىزنى ئاكا جىمى يۇرت ئەۋلىيادەك بىلىدۇ،
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياش سىزدىن پەيزى سۈرىدۇ.
يەنە تېخى بەزىلەر مىليونېر دەپ يۈرىدۇ،
سىرىڭىزنى زىمىنخان ھەدىمىزلا بىلىدۇ،
يىغقان دۇنيا نەدىدۇر، سوراپ باقسام ھېسامكا؟

ئۇ شېئىرىي چاقچىقنى تۈگىتىشىگە ھېسام ئاكا دەرھال قاپىيە شەكلىدە جاۋاب بېرىپ، «نەدە بولاتتى ئۇكا، پارچە پۇللار پايپاقتا، كونا پۇللار قاۋاقتا، 100 يۈەنلىكلەر قاماقتا» دەپتىكەن، ھېسامنىڭ بۇ يۇمۇرىستىك گەپلىرىدىن قىيقاس چىقىپ كېتىپتۇ. سورۇن داۋامىدا يۇسۇپجان ئاتاقلىق ياش چاقچاقچى ھېبى ئابدۇرېھىم (ھېبۇللام)غا قارىتىپ يازغان شېئىرىي چاقچىقنى ئوقۇپتۇ.

ئەجرىڭىزدىن بۇ سەپكە تالاي شاگىرت قېتىلدى،
رىزقىڭىزغا ھېبىدەك سەھرالىقمۇ چېتىلدى.
سايىڭىزدە چاقچاق قىپ ھېبى بولۇپ يېتىلدى،
يۈز-خاتىر قىلماستىن دائىم سىزگە ئېتىلدى،
زادى قانداق قارايسىز بۇ ھېبىغا ھېسامكا؟

ھېسامكام سۆز قىلىپ، «ھېبىغا قىيا قارايمەن، بۇرۇنلاردا شەھەرگە سەھرالاردىن مەنگەن-سامان كىرەتتى. ھازىر ھېبىدەكلا كىرىپ بازارنى قالايمىقان قىلىۋاتىدۇ» دېيىشىگە كۈلكە قىيقاسلار ئىچىدە ھېبىمۇ ھېسام ئاكىنىڭ چاقچىقىغا جاۋابەن چاقچاق قىلىپ «ھېسامكا، 6-قەۋەتتىكى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئۆيۈڭىزدىن باشقا نەدە سىزنىڭ بازىرىڭ بولسۇن» دېيىشىگە، ھېسامكامۇ ئۇلاپلا «قاراۋۇ بالىنىڭ گېپىنى، كۈن چۈشمىگەن بىلەن جىمى ئەلنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ئۆي ئاۋۇ» دەپتۇ.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# نىمە ئۈچۈن غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىمىز

گۈلجامال ئابدۇقادىر

مەدەنىيەت بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، سۆز-ھەرىكەت، پسىخكا، تەپەككۇر، ئائىلە، تۇرمۇش، نىكاھ، بالىلار تەربىيەسى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئالاقە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سودا-سېتىق، ئولتۇراق ئۆي، توي، ئۆلۈم ئۇزىتىش، نەزىر... قاتارلىق ئەڭ كەڭ ساھەگە چېتىلغان. ئۇ ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن. مەدەنىيەت جەمئىيەت ۋە شەخسنىڭ ھەر خىل مەنىۋى، ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېيىنكى ئەۋلادلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئۆز ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش، كىملىكىنى تونۇش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەدەنىيەت ئەڭ دەسلەپتە ئىستىخىيەلىك ھالدا شەكىللىنىدۇ، تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا، شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىقلىرى كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ، سىستېمىلىشىدۇ. پايدىسىز بولغانلىرى شاللىنىپ كېتىدۇ. مىسالغا ئالساق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېمالىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نان، پولۇ، لەغمەن، مانتا... كىيىم-كېچەكلىرىدىن ھەر خىل، ئەر-ئايالچە دوپپىلار، ئەتلەس كۆڭلەك، كانۋا كۆينەك، ھەر خىل تىل-پەرز ئادەتلىرى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، تۆرگە باشلاش، قول يۇيۇش، تاماق تارتىش، جامائەت سورۇنلىرىدىكى كۆرۈشۈش، دېھقانچىلىقتىكى خامان ئېلىش، كىتاب ساقلاش، كۆچۈرۈش، ھويلا-ئاران تازىلاش، تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك، گىلەمچىلىك، خالۋاپچىلىق، كىگىزچىلىك، ياغاچ قىيىمچىلىق، زەرگەرچىلىك، تىككۈچىلىك، كۆن-خۇرۇمچىلىق، جابدۇقچىلىق، مەشۇتچىلىك، مەشرەپ ئويۇنلىرى، چالغۇ ئەسۋاب قاتارلىق كەسپلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق بولسىمۇ جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە پايدىلىق بولغاچقا جەمئىيەت، مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ شاللىنىپ كەتمەي ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بىراق يەنە بىر قىسىم كەسىپ ۋە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى توقۇمچىلىق، قەغەزچىلىك، ئەنئەنىۋى باسمىچىلىق، قولدا يىپ ئېگىرىش، جۇۋازچىلىق... قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن كەسپلەر ئىستېمالدىن قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى 20- ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن تەرەققىيات ئىنتايىن تېز بولدى. نەچچە 1000 يىل جەريانىدا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاپ كەلگەن ئىنسانلار قىسقىغىنا بىر ئەسىر جەريانىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆتۈۋالدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ۋەيرانچىلىق ئىچىدە پەن-تېخنىكىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن يېڭىلىقلارغا يۈزلەندى. بولۇپمۇ ئۇچۇر-ئالاقىنىڭ يەر شارىلىشىشىغا ئەگىشىپ بەزى يېڭىدىن پەيدا بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئەنئەنىگە ئايلىنىشقا ئۈلگۈرمەي تۈرۈپلا غايىپ بولدى. مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى جەريانىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ياشلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشتى. بۇنداق ئەگىشىش، ئەدەبىيات-سەنئەت، تۇرمۇش، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، تەپەككۇر، ئائىلە تەربىيەسى... قاتارلىق ھەممە ساھەگە كېڭەيدى. شۇ سەۋەبتىن بەزى پەيدا بولۇش تارىخى ئۇزۇن جەمئىيەت، شەخسكە پايدىسى بولغان نۇرغۇن ماددىي، مەنىۋى بايلىقلار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بولۇپمۇ بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋەيران بولۇش خەۋپىدە قالدى. مۇشۇنداق جىددىي شارائىتتا پارتىيە، ھۆكۈمەت بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تۆرگە ئايرىپ، قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەتتا نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان گۈل-گىياھ، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ، ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلار، قەدىمىي قۇرۇلۇشلار، ھۈنەر كەسپلەر، ئېغىز ئەدەبىياتى، سەنئەتكە دائىر مەنىۋى مەھسۇلاتلار بار. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى يوقالسا قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل يوقىلىشنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ پايدا-زىيىنىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن. ئاشۇ نەرسىلەر قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن تۈرلۈك قانۇن-نىزام، تۈزۈملەر بېكىتىلدى. قوغداش ۋاستىلىرى، قوغداش ئۇسۇللىرى، قوغداش ئوبيېكتلىرى، قوغداش ئەسلىھەلىرى يولغا قويۇلدى. تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاممىنىڭ غەيرىي ماددىي، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. مەخسۇس قوغداش خادىملىرىنى قويۇش، دائىرە بەلگىلەپ مۇھاپىزەت قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاممىنىڭ غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا بولغان ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما بىر قىسىم بولمىغۇر كىشىلەر غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن ھېلىھەم خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭدىن ئۆزىگە پايدا ئۇندۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كېپەن ئوغرىلىرى ھېلىھەم تەرەپ-تەرەپتە ئوغرىلىقچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. 1000 يىلدىن ئارتۇق توپا ئاستىدا ياتقان چىرا، دامكۇ، بۇددا ئىبادەتخانىسى ئەسلى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. بىراق ئۇنى ئۇچراتقۇچىلار ئاچكۆزلارچە ۋەيران قىلىۋەتكەن. دېمەك، بىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن قانۇن بىلەن ئويناشقۇچى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ.

مۇشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش ئۇسۇلى، شەكلى، دائىرىسى، تەشۋىقات تەشەببۇسلىرىمىز سەللا بوشىشىپ قالسا ئورنىنى تولدۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان زىيانلارغا ئۇچرايمىز. بولۇپمۇ غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش جەھەتتە بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى بەك تۆۋەن. ئۇلار نېمىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، نېمىنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۆزلەشتۈرمە مەدەنىيەت، قايسىسىنى قوغداش، قايسىسىنى قوبۇل قىلىش، قايسىسىنى رەت قىلىش، قايسىسىدىن ۋاز كېچىش، قايسىسىنى داۋاملاشتۇرۇش جەھەتتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. مۇشۇنداق شارائىتتا پۈتكۈل جەمئىيەتتە غەيرىي ماددىي مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش جەھەتتە قوغداشنى كۈچەيتىش، تەشۋىق تەربىيەنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تەشۋىقى تەربىيەنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇننى قاتتىق يۈرگۈزۈش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارنى قاتتىق جازالاش بەكمۇ زۆرۈردۇر.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)






# سۇداندىكى باركال ۋە ناپاتا*

**2. مىسىرنى ئەل قىلىپ، مىسىر 25 - خاندانلىقىنى قۇرۇپ چىقىش**

ئۆتۈپ كەتكەن نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا، نوبىيەلىكلەر ئۆزلۈكسىز مىسىردەك ئۆزىدىن خېلىلا كۈچلۈك بولغان شىمالدىكى قوشنا دۆلەتنىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تۈنجى مىڭ يىلدا، مىسىر پەقەت ئىقتىسادتىلا نوبىيەنى كونترول قىلىپ قالماي بەلكى يەنە، بىر بۆلەك ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. مىسىرنىڭ تام سۈرەتلىرىدە ئەڭ دەسلەپكى نوبىيەلىكلەرنىڭ قىياپىتى سىزىلغان. سۈرەتتە ئۇلار مىسىر فىرئەۋنى ياكى ئوردا ۋەزىرلىرىگە تارتۇق قىلىنىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بىراق تېبىستىكى بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقتا بىر جۈپ سۆلەتلىك ياش، نوبىيە شاھزادىسىنىڭ سىزما سۈرىتى بايقالغان. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، پىل چىشى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇيۇملارنىڭ ئىچىدىكى تارتۇقلانغان ئالتۇن ئۈزۈك ئادەمنىڭ خېلىلا دىققىتىنى تارتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۈزۈك نوبىيە ئالتۇن كېنىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئايان بولۇشىچە، نوبىيەلىكلەر مىسىر مۇستەملىكىچىلىكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى مول مەدەنىيەت ۋە ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان.

نوبىيەلىكلەر بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان خۇداسى ۋە كاناپتىن كىيىم كىيىشى ئوخشاش بولغىنى بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ نەزەرىدە نوبىيەلىكلەر يەنىلا ئىنژىل ئىتائەتمەن بولۇپ كەلگەن.

ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، دېگەندەك كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 740 - يىلغا كەلگەندە نوبىيەلىكلەر قەدىمكى مىسىرنى تېز يۆككۆزگەن. بۇنىڭ بىلەن كۈش رايونىدا يېڭىدىن بىر خاندانلىق بارلىققا كېلىپ، ھۆكۈمران كېستا (Casta)نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شۇنداق تېز سۈرئەتتە مىسىرلىشىپ كېتىشكە باشلىغان ۋە شۇنداقلا ئۈستۈنكى مىسىرنى ئىشغال قىلغان.

كېستانىڭ ئوغلى پېئانجى (pianji) نوبىيەگە 20 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، شىمالغا قاراپ قوشۇن

* بېشى 2016 - يىلى 2 - ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارتىپ، مىسىرغا ھۇجۇم قوزغاپ، بىر قېتىملىق كەسكىن
جەڭ ئارقىلىق، پىيانجى ئۆزى قوماندانلىق قىلغان نوبىيە
چوڭ قوشۇنىدىكى گېنېرال تېفناكۇرت (Teffnakurt) ۋە
ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى بىلەن تەڭ مىسىرنى
ئىشغال قىلىپ، غەلىبە بىلەن قايتقان. پىيانجى شۇنىڭدىن
كېيىن ئەۋلادمۇئەۋلاد مىسىرنىڭ 25 ـ خاندانلىقىغىچە فىر-
ئەۋن بولۇپ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈمران-
لىق تەختىدە ئولتۇرغان. پىيانجى ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا كۆر-
سەتكەن ئاجايىپ تۆھپىسىنى قەدىمكى مىسىر تەسۋىرى يې-
زىقى بىلەن بىر پارچە زەپەر تېشىغا پۈتۈپ قالدۇرۇپ،
ئۇنى ناپاتادىكى ئامون ئىبادەتخانىسى ئىچىگە تىكلەپ
قويغان، بۇ تاش ئابىدە 1862 ـ يىلى بۇ بۇتخانىنىڭ خارا-
بىلىكىدىن تېپىلغان. بۇ ئابىدە تاش، كۈل رەڭ گىرانىت
تاشتىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ھازىر قاھىرەدىكى مۇ-
زېيدا ساقلانماقتا.

داۋاملىق ۋەزىپىدە ئولتۇرۇۋاتقان كۇش پادىشاھى
شاباكا (Shabaka) (مىلادىدىن بۇرۇنقى 716 ـ يىلدىن مە-
لادىدىن بۇرۇنقى 695 ـ يىلىغىچە) پىيانجىدىن كېيىنكى
تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئۇمۇ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى
داۋاملاشتۇرۇپ، مىسىرنىڭ 24 ـ خاندانلىقىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد
فىرئەۋنى بوكلىسنى ئەسىرگە ئالغان. شاباكا بەلكىم قاھ-
رەگە يېقىن بولغان مېمفىسنى پايتەخت قىلغان بولۇشى ۋە
شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مىسىر فىرئەۋنىنىڭ نامىنى قوللانغان
بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆز خاندانلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى
ھېسابلانغان، ئامون ئىلاھىنىڭ يۇرتى تېبىسقا نۇرغۇن
دىنىي قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرغان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن
باركال تېغىدىكى ئەل ئېھرامغا دەپنە قىلىنغان.

تاخاكا (Tahaka) (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 691 ـ يىلى-
دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 664 ـ يىلىغىچە) بولسا، شاباكادىن
كېيىنكى نوبىيەلىكلەردىن چىققان مىسىر فىرئەۋنىدۇر.

ياخشى كۈنلەر ئۇزاق بولمىغاندەك، ئاسسىرىيەلىك-
لەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 654 ـ يىلى ئەتراپىدا مىسىرغا
كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. ئاسسىرىيەلىكلەر بىلەن
قىلغان جەڭدە كۇش قوشۇنى مەغلۇپ بولغان، ئاسسىرىيە-
لىكلەر تېبىس شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان، چوڭ قوشۇن
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان پەيتتە، تاخاكا تەلىيى ئوڭدىن
كېلىپ قېچىپ قۇتۇلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمدى نوبىيەگە قايت-
ماقتىن باشقا يول قالمىغانىدى. تاخاكا بۇ يەرگە كەلگەن-
دىن كېيىن يەنە داۋاملىق تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئوردا ھا-

كىمىيىتىنى باشقۇرغان. ئۇ مىسىرنى قايتۇرۇۋېلىشقا شۇنچە
ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئارقى-
غا چېكىنگەن، ئۇمۇ خۇددى تاغىسىغا ئوخشاش، جەنۇبقا
بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالماي، ئاخىر ئارمان بىلەن
ئۆلۈپ كەتكەن.

كۇش پادىشاھلىقى مەزگىلىدە، بۇ يەرنىڭ چارۋىچى-
لىقى يۇكسەك تەرەققىي قىلغان، يەنە ئۆز ۋاقتىدىكى كۇش
دېھقانچىلىقى ئاللىبۇرۇن سۇغىرىپ تېرىقچىلىق قىلىش
دەۋرىگە كىرىپ بولغانىدى. تېرىلىدىغان ئاساسلىق زىرا-
ئەتلەردىن كۆممىقوناق، ئارپا، بۇغداي شۇنداقلا يېسى-
مۇق، تەرخەمەك، قوغۇن قاتارلىق كۆكتات، مېۋىلەردىن
باشقا پاختىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى
593 ـ يىلى، مىسىر فىرئەۋنى سامېتىك (Sa MeiTick) ئەس-
كەرلىرىنى كۇشقا قارىتىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇرغان.
ئۇلار ناپاتانى بۇلاپ ـ تالاپ، ئوردا ـ ساراي، ئىبادەتخانى-
لارنى بۇزۇپ چاققان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 590 ـ يىلى
كۇشلۇقلار يەنە پايتەختىنى ناپاتانىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ
كەلگەن. ئۇ يەر نىل دەرياسىنىڭ 5 ـ شارقىراتمىسىنىڭ ئەت-
راپىدىكى مەيرو (ھازىرقى خارتومنىڭ شىمالى) ئىدى. شۇ-
نىڭدىن باشلاپ يەنە مېروئې خاندانلىقى دەپ ئاتالغان،
يەنى ئۇ بۈگۈنكى سۇدان دۆلىتىدۇر. بەختكە يارىشا قۇ-
تۇلۇپ ھايات قالغانلار بۇ يەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد 900
يىلدىن ئارتۇق تۇرمۇش كەچۈرگەن.

يېڭى ھۆكۈمرانلىقنىڭ تىكلىنىشى، كۇش مەدەنىيىتى-
نىڭ مېروئېغا كىرگەن مەزگىلگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىسىر-
نىڭ تەسىرى قالمىغان بۇ كىچىككىنە مەيرو پادىشاھلىقى
قايتىدىن گۈللەنگەن، كۇشلۇقلار نىل دەريا ۋادىسىدا ئەڭ
بۇرۇن پاختا تېرىغان ئاھالە بولۇپلا قالماي، يەنە قەدىمكى
ئافرىقىدىكى پولات ـ تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنىڭ باشلى-
نىش مەنبەسىدۇر. ئۇلار تۆمۈر رۇدىسىنى بايقاپ، ئۇنى ئې-
رىتىپ، تۆمۈر ئەسۋاب ۋە قورال ـ ياراغلارنى ياساپ
چىققان. يەنە ساپالچىلىقمۇ ئۇلارنىڭ بىر مۇھىم كەسپى ھې-
سابلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ھەر خىل قول ھۈنەر مەھسۇلاتلى-
رىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىسپاتلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا بىر
ئادەم كۆپ ھۈنەرلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن،
ھەم تۆمۈرچى، ياغاچچى، قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچى ھەم
تامچى، ساپالچى، توقۇمىچى، تېرىقچى، زەرگەر ھەم تاشچى
قاتارلىق كەسپلەرگە ماھىر بولغان.

مەيرو بىلەن ناپاتا ئوخشاش بىر قەدىمكى سودا

يولى ئۇستىگە جايلاشقان. مەيرودىكى كۆشلۈكلار خىش ۋە تاشلار بىلەن بىر ئوردا ياساپ چىققان؛ يەنە دەريا بويىغا بىر پىرىستان بىلەن ئىككى تەرەپ يانتۇلۇقى تىكرەك بولغان نۇرغۇن ئەل ئىبىراملارنى ياسىغان. بۇ ئەل ئىبىراھلارنىڭ ھەممىسى قەبرە ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، مىسىرنىڭ ئەل ئىبىراملىرىغا قارىغاندا سەل تىك ھەم كىچىكرەك ياسالغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە، مىروئې پادىشاھلىقى تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىغان. مىروئې زېمىنى شەرقىي ئافرىقىغا ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھەم سودا مەركىزى بولۇپ، مىسىر، ئېفىئوپىيە، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا سودا ئالاقىسى قىلغان. مىروئېدىن قېزىۋېلىنغان جۇڭگونىڭ مىس داڭقىنى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا مىروئې پادىشاھلىقى بىلەن جۇڭگومۇ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. مىروئې دەۋرىدىكى ھۆكۈمران، مىسىر بىلەن يىراقلىشىپ بارغانسېرى ئافرىقىلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. بىراق نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئۇلار يەنىلا مىسىرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرغان، مىسال ئالساق پادىشاھ ۋە خانىشلار قازا قىلغاندا مىسىرلىقلارغا ئوخشاش مومىيالانغان ۋە ئەل ئىبىرامغا دەپنە قىلىنغان، ھەتتا ئاخىرەتكە قايتقاندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ كويىدا بولۇشىمۇ ئوخشاش بولغان.

### 3. مەيرو مەدەنىيىتىنى ئىزدەش

كۆش خاندانلىقىنىڭ زېمىنى غەربىي ئاسىياغا جايلاشقان. ئۇ شىمالىي ئافرىقا بىلەن ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش لىنىيەسى بولۇپ، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر مۇھىم سودا مەركىزىگە ئايلانغان. مەيرولىقلارمۇ مىسىرلىقلاردەك ئۆز ئالدىغا پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەتنى ياراتقان.

مەيرو شەھىرى نىل دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تۈپرىقى مۇنبەت بۇتانا (Butana) يايلىقىغا جايلاشقان، بۇ زېمىندا كىشىلەر باقمىچىلىق بىلەن دانلىق زىرائەت تېرىپ كۈندىن-كۈنگە روناق تاپقان.

مەيرۇلىقلار يەنىلا ئامون ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم نۇرغۇن بۇتخانىلارنى سېلىپ، مىسىرنىڭ بۇ ئىلاھىغا بولغان ھۆرمەت-ئىكرامىنى بىلدۈرۈشكەن. مەيرودىكى ئامون بۇتخانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 ئىنگلىزچىسى بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇسلۇبىنى نوبىيە شىر ئىلاھى ئاپېدېماك (Apademak)نىڭ بۇتخانىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ بۇتخانا ئاددىيلا ياسالغان بولۇپ، مۇنارنىڭ ئەشكىدىن سارايي ئىچىگە كىرىدۇ. مەيرولۇقلارنىڭ قارىشىچە، ئامون ئىلاھى بىلەن شىر ئىلاھىنىڭ مەرتىۋىسىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، شىر ئىلاھى 2-ئورۇندا تۇرىدىكەن.

مەيرونىڭ شىمالىدىن ئون ئىنگلىزلىسى يىراقلىقتىكى موسسۇۋالات (Musso Valat) دېگەن جايدا، ئارخېئولوگلار قورۇق تاملىق، ئىنتايىن چوڭ ئۇنىۋېرسال ئۇسلۇبتىكى بىر ئىمارەتنىڭ خارابىلىكىنى بايقايدۇ. بۇ ئىمارەت بىلەن نوبىيە ۋە مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوخشاشمايدۇ. بۇ ئىمارەت پېچەتلەنگەن نۇرغۇن ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان، قورۇق تاملىق سىرلىق ئوردا بولۇپ، خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇتخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئايۋانلىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى بۇزۇلغان ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر چوڭ مەيدان بىلەن بىر ھويلا بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارىدور سەل دۈگىلەك يولغا تۇتاشقانىدى. تا بۈگۈنگىچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئۇنىۋېرسال چوڭ ئايلانمىلىق قۇرۇلۇشنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ھەيۋەت، ئىچىدىكى ئىنتايىن چىرايلىق زىننەتلەنگەن يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر تاشچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇپراپ، ئۆكۈپ كەتكەنلىكتىن ئاق رەڭلىك قۇملىرى ئاللىبۇرۇن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە تا بۈگۈنگىچە قەدەر ئېنىق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. بەزى ئالىملار خۇلاسىلەپ، بۇ يەر پىل بېقىشقا ۋە مەشىق قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن جاي بولۇشى مۇمكىن دېسە، يەنە بەزىلەر، بۇ چوڭ ئايلانمىلىق ئىمارەت كارۋانلارنىڭ مەنزىلگاھى ياكى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈزىدىغان جايى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

ئارخېئولوگ ئالىملىرىنىڭ بايقىشىچە، مەيرونىڭ تۆمۈر كېنى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرى مول بولغاچقا، بۇ يەردە سانائەتمۇ خېلىلا تەرەققىي تاپقان. لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئەنگلىيە ئارخېئولوگ ئەترىتى 1910-يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، بۇ خارابىلىكنى قېزىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ئۇلار دۆۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۆۋە رۇدا داشقاللارنى بايقىغاندىن باشقا يەنە مېتال تاۋلاشقا ئىشلىتىلگەن ئوچاقلارنىمۇ بايقىغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا مەيرو تۆمۈر رۇدىسى تاۋلايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بازا بولغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ.

مەيرونىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ قۇرۇقلۇق سودا يولى بىلەن نىل دەرياسى سودا يولىنىڭ دەل كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان. نىل دەرياسى سۇ يولى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يىراقتىكى سۇدانغا ئۇدۇل بارغىلى، ھەتتا جەنۇبتىكى سۇد (Sood) سازلىقىغىچە بارغىلى بولاتتى. كارۋانلار ئات، كالا، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى ۋە يەنە مىلادى 1-ئەسىرلەردە پەيدا بولغان، جاپاغا ئەڭ چىداملىق تۆگىلەرنى ھەيدەپ، مەيرودىن تۆت تەرەپكە نۇر چېچىلغاندەك چىقىپ، قۇملۇقلاردىن ھالقىپ، يايلاقلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ مەركىزىي جايلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇ يەردىن يەنە ھەبەش ئېگىزلىكىگە يېتىپ بېرىپ، ئاندىن قىزىل دېڭىزغا بارغان. ئېھتىمال يەنە نىل دەرياسى ئېقىمىنى بويلاپ مېڭىپ، مىسىرغىمۇ بارغان بولۇشى مۇمكىن. نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ھاكىمىيەت ئالمىشىش، نوبىيەلىكلەرنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا مىسىر دەل تولېمي (ptolemy) خاندانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىگە تەۋە بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ يۇنان جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرگەن. چۈنكى تولېمي قەبىلىسى يۇنانلىقلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار مىسىردىن ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان مول بايلىقلار بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلەشنى ئارزۇ قىلغان. بۇ پۇرسەتتە مەيرو دەل ئالتۇن، يېمەكلىك تۇزى، پىل چىشى، شىر ۋە قاپلان تېرىسى، قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئۆتەڭ بولغانلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن.

ئاشۇ دەۋردە مەيرونىڭ نام شۆھرىتى خېلى يىراقلارغا تارالغان. قەدىمكى يۇنان بىلەن قەدىمكى رىم يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇشىچە، مەيرو مىسىرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يىراق بىر شەھەر. قەدىمكى يۇنان تارىخشۇناسى خېرودوتۇس (Herodotus) مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە نىل دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىنى بويلاپ مېڭىپ ھازىرقى ئاسۋانغا يېتىپ بارغان، ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە مەيرو بىلەن ئۇ تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يەنە 60 كۈنلۈك مۇساپىسى بار ئىكەن، ئۇ يەرنىڭ بايلىقىنىڭ مولluqىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن، ئۇ يەردە سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنىڭ تولۇپ ياتىدىغانلىقى، ھەتتا جەسەت ساندۇقلىرىنىڭمۇ خىرۇستالدىن ياسىلىدىغانلىقى ۋە يەنە جىنايەتچىلەرنىڭ پۇت-قولىغا سېلىنىدىغان تاقاقلارنىڭمۇ ئالتۇندىن ياسىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. ھازىر ئانالىز قىلىپ باقساق، مەيروغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆپتۈرۈلۈپ سۆزلەنگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى رىم تارىخشۇناسى پېلىني (pliny)نىڭ قارىشىچە، مەيرو شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسىم-فامىلىسىنى يېزىپ قالدۇرغاندىن باشقا يەنە رىم پادىشاھى نىرۇنىڭ (Nero) مىلادى 60-يىلى قوشۇن تارتىپ مەيروغا قاراپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنىمۇ خاتىرىلەپ قالدۇرغان. قەدىمكى يۇنان جۇغراپىيەشۇناسى ۋە تارىخشۇناسى ستىرابو (Strabo)نىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، مەيرونىڭ ئوردىسىدا بىر بېغى بولۇپ، پۈتۈنلەي مېۋىلىك دەرەخ بىلەن قاپلانغانىكەن. شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەدەپ-قائىدىلىك ئىكەن، خىش ئۆيلەردە ياكى پالما دەرەخلىرى بىلەن ياسالغان ئۆيلەردە تۇرىدىكەن.

نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن، بۇنداق يازغۇچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشى بىلەن، ياۋروپالىقلار خۇددى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك ئافرىقا قىتئەسىدىكى شەھەرلەرنى ئىزدەشكە باشلىغان. 1772-يىلى بىروس (Bruce) ئىسىملىك ئېكسپېدىتسىيەچى سۇداننىڭ باگراۋىيە كەنتىگە كەلگەن ۋە ئۇ يەردە بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تام بىلەن چاسا شەكىللىك ئۇچلۇق مۇنارنىڭ قالدۇقىنى بايقىغان. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر قورقماي يۈرەكلىك كېسىپ ئېيتالايدۇكى، بۇ قەدىمكى شەھەر مەيرو». 1842-يىلىدىن تاكى 1859-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بىر گېرمانىيە ئارخېئولوگ ئەترەتى مېروئېغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى «مىسىر ۋە ئېفئوپىيەنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقى ۋە ئاسار ئەتىقىلىرى» نامدا كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن. كېيىن يەنە 1905-يىلىدىن 1971-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، بوستون گۈزەل سەنئەت مەيرو ۋە كانادا ئارخېئولوگلىرى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان.

ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 24 - يىلى، مەيرودىن كەلگەن بىر چوڭ قوشۇن رىم تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئارمانى لەينىز (Armani Leines) ئىسىملىك بىر نوبىيە خانىشى نوبىيە چوڭ قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ، ئاسۋاننىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق زېمىننى ئىشغال قىلغان. قەدىمكى يۇنان تارىخ ئالىملىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، خانىش ئۆزى ئەسكەر ئەۋەتىپ، رىملىقلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئەۋلىيا ئارىلى دەپ ئاتالغان فىلاي (Philae)نىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي بۇلاپ كەتكەن، ھەتتا شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان رىم پادىشاھى ئاۋگۇستۇس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 63 - يىلىدىن مىلادى 14 - يىلىغىچە رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ 1 - ئەۋلاد پادىشاھى) ئاسۋاندىكى ھەيكىلىنىمۇ چېقىپ تاشلىغان. ئەمما رىملىقلار ناھايىتى تېزلا ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، رىم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قول ئاستىدىكى مىسىرلىق ئەمەلدار گائىئۇس. پېترونئۇس (Gaius .Pietro.Niels)نى قوشۇنغا قوشۇپ نوبىيەگە ئەۋەتكەن ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قوزغاپ مەيروغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. ئۇلار بۇ خانىشنى پايتەختىگە قايتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن يەنە ئۇ فالىي ئارىلىنى قانداق بەختسىز هالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، ناپاتانىمۇ بۇلاپ - تالاپ، پاك پاكىز قىلىپ، شۇنداق هالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن مېروئېنىڭ شەرتلىك تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئامالى قالماي، رىملىقلار بىلەن شەرتنامە ئىمزالىغان، رىملىقلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، مىسىر بىلەن مەيرو ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى ئايرىپ بەلگىلىگەن.

گەرچە مەيرو قوشۇنى رىملىقلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا - سېتىق كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىپ، پۈتكۈل نوبىيەگە كېڭەيگەن. بۇنىڭغا ئائىت نوبىيە قەبرىستانلىقىدىن مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلار تېپىلغان. 1 - ئەسىردىن 2 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرى بىلەن بايلارنىڭ قەبرىلىرىدىن كۆپ مىقداردا ساپال، ئۈنچە-مەرۋايىت، كۈمۈش، مىس بۇيۇملار ۋە ئەينەك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چەت - ياقىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئوتتۇرا دېڭىزدىمۇ كۆرۈلگەن. شۇڭا مىسىر بىلەن ئافرىقا قىتئەسى ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى جايلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىكى بار.

كېيىنكى دەۋردىكى مەيرو قەبرىستانلىقىدىن ئۆز ۋاقتىدىكى باي - باياشات، قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئاستا - ئاستا زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتقانلىقىدەك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. 3 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان خارابىلىكلەرنى قازغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھلارنىڭ ئالىلبۇرۇن چوڭ تىپتىكى بۇتخانىلارنى سېلىش ئىقتىدارنىڭ يوقالغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەل ئېھراملىرى كىچىكلەپ، بارغانسېرى پۈختا بولماي قالغانلىقى ئايان بولغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىدىن چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىمۇ غايىب بولغان، بۇنىڭدىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، مەيرونىڭ ئالتۇن دەۋرى ئالللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى.

مىلادى 1 - ئەسىردە، مەيرونىڭ جەنۇبىدىكى ئەسلىدە بار بولغان گۈزەل مۇنبەت ئوتلاق، ئوزاق مۇددەت چارۋا - مال بېقىش ۋە زور تۈركۈمدىكى چارۋا - ماللارنىڭ ئوتلاقنى دەسسەپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشى سەۋەبلىك، نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تۇپراقنىڭ سۇ بىلەن تەڭ ئېقىپ كېتىشىنى ھەتتا چاتقاللىقلار بىلەن دەل - دەرەخلەرنىڭمۇ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن تۇپراقنىڭ قايتىدىن قۇملىشىپ كېتىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مەيرو خانىدانلىقى دەل بۇ ۋاقىتتا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى.

مىلادى 200 - يىلىدىن كېيىن، رىملىقلار قۇملۇق سەپىرىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ۋە خەۋپ - خەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەيرونى كونترول قىلىشتىن ۋاز كەچكەن. ئەمما، سودا - سېتىق يوللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئۇلار قىزىل دېڭىز بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئارقىلىق ھەر خىل ماللارنى توشۇپ، شەرق تەرەپتىكى سودا بازىرى بىلەن بولغان بېرىپ - كېلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ چاغدا مەيرو سودا يولىدىكى مۇھىم ئەۋزەللىكنى يوقىتىپ، بارغانسېرى نامراتلىشىپ، جېنى تومشۇقىغا كېلىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى.

تەخمىنەن مىلادى 320 - يىلىدىن 350 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا، مەيرونىڭ شەرقىدىكى ئاقسۇم پادىشاھلىقى (بۈگۈنكى ئېفىئوپىيە) كۈندىن - كۈنگە روناق تاپقان. ئاقسۇم پادىشاھى ئەيۋىزانىس (Vey Zanisi) قوشۇن باشلاپ كۈشقا تاجاۋۇز قىلىپ، مەيرو شەھىرىنى ۋەيران قىلغان، كۈش ھۆكۈمرانى نائىلاج غەرب تەرەپتىكى چاد كۆلى رايونىغا قېچىپ بېرىۋالغان. خەلقى بابىراۋەر، قۇدرەتلىك كۈش خانىدانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەيرولۇقلارمۇ تامامەن يوقالغان. ئۇلار ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت، كاتتا ئىمارەت، دىن ۋە سىياسەتلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقالغان، ئەمما بۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلار- دا كۇش- مەيرو خانلىقى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ قەدىمكى مە- دەنىيەت تارىخىغا مەڭگۈ ئۆچمەس بىر بەتنى قالدۇرغان.

1907 - يىلى ئارخېئولوگلار ئاسۋاننىڭ جەنۇبىغا نەچچە ئىنگلىز مىل كېلىدىغان بىر يەردىن، سان جەھەتتە ناھايىتى كۆپ بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ خارابىسىنى تاپقان ۋە ئۇنىڭغا باللانا (Ballana) مەدەنىيىتى دەپ نام بەرگەن. قىياس قىلىشقا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىققا قويۇلغان ئادەملەر بەلكىم مەيرولۇقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋ- لادلىرى بولۇشى مۇمكىن.

1931 - يىلى ئارخېئولوگ ئالىملىرى ئىككى خارابە- لىكتىن قەدىمىي قەبرىستانلىقنى قېزىش ئارقىلىق جەمئىي 180 قەدىمىي قەبرىنى ئاچقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمە- نەن 40 قەدىمىي قەبرىدە ئىنتايىن مول بايلىق چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈنچە- مارجان، كۈمۈش ئەسۋاب، نەقىش ئويۇلغان ياغاچ ئىشكاپ ۋە پىل چىشىدا ياسالغان ئىشكاپ، قورال- ياراغ ۋە يەنە تۆرلۈك چىراغلار، كۆجە- دان، ئەينەك قاچا- قومۇچ، توقۇلما بۇيۇم، ساپال ئەسۋاب قاتارلىق زور مىقداردىكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان. قېزىۋېلىنغان بارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە، ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان كۈمۈشتىن يا- سالغان تاج بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تال ئۇچلۇق ھەرە چىشى بار بولۇپ، ياقۇت كۆزلەر قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈس- تىگە خانلىق ھوقۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، زىننەتلەن- گەن بىر شەرتلىك بەلگە، بەلگىنىڭ ئۈستىگە قوياش ئىلاھى خورۇس (Horus) بىلەن تۇغۇت ئىلاھى ئايىسىس (Isis) ۋە باش ئىلاھ ئاموننىڭ مەبۇدى ئورنىتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئۈچ تاج كۈمۈشتە قا- پارتما نەقىش چىقىرىپ زىننەتلەنگەن بولۇپ، قاراشتا بىر تېكىننىڭ مودېلى تاجنىڭ ئالدى تەرەپ چوققىسىغا ئۆزگە- چە پەيي بېزەكلىرى بىلەن ئورنىتىلغان. مەيرو ۋە ناگادد- كى (Naga) بۇتخانىلارنىڭ ئىچىدە، پادىشاھ ۋە خانىش- لارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاج تاقىغان ھالەتتىكى سۈ- رىتى بار. ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە: «بۇ قەبرىستانلىق- قا قويۇلغان كىشىلەر بەلكىم مەيرو ئەل ئېھرامىغا قويۇل- غان قەبرە ئىگىسىنىڭ، بىۋاستە كېيىنكى ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى مەيرو ئەل ئېھرامىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى- دا بۇ يەرلىككە تۇتۇشىدىغان بىر لەخمە يوشۇرۇنغان» دەپ پەرەز قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئارخېئولوگ خىزمەتچىلىرى يەنە ئاسۋاننىڭ جەنۇبىغا 100 ئىنگلىز مىل كېلىدىغان ئىبولىم (Yi BoLim) قەلئەسىدىن، نوبىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بايقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نوبىيە مەدەنىيىتىگە بولغان ئەڭ مۇكەممەل بىر يول ئېچىلىدۇ.

1961 - يىلى ئىبولىم قەلئەسىدە قېزىش خىزمىتى باش- لىنىدۇ. خارابىلىكتە كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ، خۇددى بۇ خارا- بىلىك دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان يالغۇز قالغاندەكلا ئىدى. ئارخېئولوگلار 3000 يىللىق نوبىيە تا- رىخىغا قارىتا قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ خارابىلىكتە يەنە نوبىيەلىكلەر ئەتىۋارلايدىغان تۇغۇت ئىلاھى ئايىسىسنىڭ بىر نەچچە بۇتخانىسى بار بولۇپ، بۇ مىسىرلىقلار بىلەن نوبىيەلىكلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقا- دىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق تەۋەرۈك ھېسابلىنىدۇ. ئىبولىم قەلئەسى ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش مەركىزى بولۇپ، نۇرغۇن پۈ- تۈكچىلەر شۇ يەردە سامان قەغەز ۋە قوي تېرىسىغا توخ- تىماي پۈتۈك يېزىپ، ئىنتايىن كۆپ تارىخىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەمما تىلى ھەرخىل، ئۇنىڭ ئىچىدە تېخى قوش تىل بىلەن پۈ- تۈلگەن قول يازمىلارمۇ بار.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىللاردا روناق تاپقان باي- باياشات مەيرو خاندانلىقى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ تىل- يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ بولغان. مەيرو يېزىقى قەدىمكى مىسىر تەسۋىرى يېزىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما مەنىسى مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. بىراق ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغا- نى شۇكى، ھازىرقى زامان ئالىملىرى قەدىمكى مەيرو تىل- يېزىقىغا قارىتا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە ئۇنى چۈشىنىشكە ئا- مالسىز قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 23 ھەرپ بەلگىسىنىڭ تاۋۇشى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى يېشىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە لېكسى- كىلىق مەنىلىرىنى يېشىپ بېرىشكە ئامالسىزدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەش- مىسىدىن)



# لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ ياتقان ئاجايىپ قىممەتلىك
مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئاق كۆڭۈل خەلقىنىڭ تىلىدا
ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەڭگۈلۈك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە
دىيالېكت ـ شېۋىلىرى بىلەن دىيارىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى
دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى ئارخېئولوگ ـ سەيياھ،
تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان سىـ
ھىرلىك ماكان لوپنۇر تارىخىنىڭ نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلىـ
رىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە
«تارىخ مۇزىيى» كەبى ئىلىم دۇنياسىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىپ كەلمەكتە. مەلۇمكى، «لوپنۇر خەلقى مۇشۇ ئۇزاق
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، غەربتە دۆڭقۇتان يېزىسىـ
دىن تارتىپ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى بويلاپ
شەرقىي جەنۇبتا تاكى مىرەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا
چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىـ
لىك قىلىپ، تەبىئەتنى دوست تۇتۇپ ئورمان ئەھيا قىلىپ
قۇمنى تىزگىنلەپ، دەريا ـ ئېقىنلارغا ھەم بوستانلىقلارغا
ھامىي بولۇپ كەلدى. دەريا ـ ئېقىن ساھىللىرىدىكى، شۇنـ
داقلا توغراقلىق ئارىسىغا يۇلتۇزدەك تارالغان كۆل ـ
بۇلاق بويلىرىدىكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى
ئۇلارغا ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەت ۋە رەڭدار فولكلور ئەنـ
ئەنىسىنى ئاتا قىلدى. لوپنۇر خەلقى شەرق ـ غەرب مەدەـ
نىيەت، سودا ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان يىپەك
يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيەسىدە ياشىغان خەلق بولۇش ئەۋـ
زەللىكىدىن پايدىلىنىپ، سىرتتىن كەلگەن ئىلغار مەدەنىـ
يەتلەر ئاساسىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، شانلىق كىروـ
ران مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. كېيىنكى دەۋرلەردە يىپەك
يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، لوپنۇر خەلقى تارىم ئويمانلىـ
قىنىڭ مانا مۇشۇ پىنھانلىرىدا جاھان غوۋغالىرىدىن مۇسـ
تەسنا ھالدا تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشاپ كەلـ
گەچكە، بۇ خىل ھايات ئۇلارغا ئۆزگىچە تىل ئالاھىدىلىـ
كى، كىيىم ـ كېچەك، سەنئەت، يېمەك ـ ئىچمەك،
تۇرمۇش ئادىتى ئاتا قىلدى ھەم بۇ ھالەت تاكى يېقىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتى»، («لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 - يىل 10 - ئاي نەشرى 1 - بەت). بىز لوپنۇر خەلقىنىڭ مەنۋىيىتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئەستەيدىل ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات كارتىنىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى، جۈملىدىن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، ئولتۇراق ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، توي - تۆكۈن، دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە قىممەتلىك بايانلار ساقلانغان بولۇپ، بىز بۇ چۆچەكلەرنى نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئوقۇماي، بەلكى تارىختىن خەۋەر بېرىدىغان قىممەتلىك قامۇس خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئوقۇيدىغان بولساق، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەرەپلەر ھەققىدە ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز. تۆۋەندە مەن «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەر ئاساسىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتىقادىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان «3، 7، 9، 40» قاتارلىق مۇقەددەس سانلارنىڭ لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەبىئەت بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدىكى كۆپلىگەن ئېتىقاد ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى بىردەك ئەمەس. فولكلورشۇناسلىق نەتىجىلىرى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا ئانىمىزم ۋە شامان دىنى ئېتىقادى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئالاھىدە رول ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت تەركىبلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلگەن. گەرچە خەلقىمىز كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپلىگەن دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۇنجى دىن — شامان دىنىنىڭ قىسمەن تەسىرى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«مۇقەددەس سان» ئۇقۇمى خەلقىمىزنىڭ پىسخىك ئېڭىدا سىرلىق ۋە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان، مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ئۇدۇملۇق تۈس ياراتقان (پەرھىزلىك تۈس ئالغان) ھەمدە چەكلەش ياكى رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، خۇشاللىق ياكى قايغۇغا بېشارەت بولىدىغان يەككە سانلار كاتېگورىيەسىگە قارىتىلغان. بۇنداق سانلارنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ فولكلورىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئۇچرايدىغانلىرى 1، 3، 7، 9، 30، 40، 360 قاتارلىق سانلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەر خىل مۇراسىملىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە ئىشەنچلىرىدە بۇ سانلار ناھايىتى زور سىرلىق مەنىگە ئىگە. (ئابدۇكېرىم راخمان: «تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىل 2 - سان).

خەلقىمىز شامان دىنى ۋە باشقا تۇرمۇش ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «3، 7، 9، 40» قاتارلىق سانلارنى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە خاسىيەتلىك سانلار دەپ قاراپ، ئۇلارنى باشقا سانلارغا قارىغاندا ئالاھىدە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە كۆپ قوللانغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تارىختىن خەۋەر بېرىدىغان بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە: «ئەجدادلىرىمىزدا 5 - ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان، خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمى ئومۇملاشقان. تەقۋىم قوللىنىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىزدىكى خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تۆپ سان ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك». (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 566 - بەت) دېيىشكە بولىدۇ.

لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «3، 7، 9، 40» قاتارلىق مۇقەددەس سانلارغا ئالاقىدار بايانلار ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ،

بۇلار بىزنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۆۋەندە لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئەكس ئەتكەن مۇقەددەس سانلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1. «ئۈچ» مۇقەددەسلىكى**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا «ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشى روشەن ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بوۋاققا ئىسىم قويغاندا، بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ، ئىسمىڭىز X بولسۇن، دەپ بوۋاقنى جايىنامازدا ئۈچ قېتىم دومىلىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىدۇ، مېيىت ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ.

بەزى كىشىلەر «ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بەزى قىسىملىرىغا ئاساسلىنىپ بۇ خىل ئۇلۇغلاش قارىشىنى ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىدىن كىرگەن دەپ قاراپ كەلدى. ئەمما بىز تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، بۇ قاراشنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئاسانلا بايقىۋالالايمىز.

«ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن ــ شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا يۇقىرىقىدەك ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چۈنكى شامان دىنىدا ئالەم ئىلاھلار يۈرىدىغان جەننەت ــ ئۈستۈنكى دۇنيا، بەندىلەر تۇرىدىغان ماكان (بۇ دۇنيا) ــ ئوتتۇرا دۇنيا ۋە ئالۋاستىلار تۇرىدىغان ئاخىرەت (دوزاخ) ــ ئاستىنقى دۇنيا دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنەتتى (بەن گۇ: «خەننامە» (ئۇيغۇرچە) 77 ـ ئىزاھ، 765 ـ بەت)».

رايونىمىزدىن ھازىرغىچە تېپىلغان تۈرلۈك ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىقلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق «ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن ئوخشاشلا ئۈچ بۇرجەكلىك گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن كەشتە بۇيۇملار، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياغاچ، سۆڭەك ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئۈچ قىرلىق ئوق باشاقلىرى، ئۈچ پۇتلۇق بىرونزا قازان (كۆنەستىن تېپىلغان) قاتارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، بۇلار ئاز دېگەندىمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يازما مەنبەلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئۇلار بىزنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ كۆك نۇر ئىچىدە زاھىر بولغان بىر ساھىبجامالغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشى ۋە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ساھىبجامالغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشى، ئۇلۇغ تۈركنىڭ ئۆز چۈشىدە ئۈچ كۈمۈش ئوقنى كۆرۈشى، شۇنداقلا «ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى، 40 كېچە ـ كۈندۈز توي بولدى» دېگەندەك بىر قاتار بايانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان ھونلارنىڭ «ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە ھەر يىلى كۈز پەسلىدە ئورمانلىققا يىغىلىپ، ئورماننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئىبادەت قىلىپ، ئىلاھلىرىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشى (ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەتلىرى، 1995 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)». تېپىك ھالدا «ئۈچ» مۇقەددەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خاقانلارنىڭ نەسەبنامىسى سۈپىتىدە ئۇ بىزنى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، ياشىغان ئورۇنلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدىكى سان مۇقەددەسلىكى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشلاردا «ئۈچ» مۇقەددەسلىكىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: تابغاچ، قىتان، ئوغۇز بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا، بىز تايانچىسىز قالىمىز (جەنۇب تەرەپ 12 ـ قۇر)؛ 3000 كىشىلىك قوشۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېلىشى مۇمكىن (جەنۇب تەرەپ 14 ـ قۇر)؛ 23 شەھەرنى ۋەيران قىلدى (شەرق تەرەپ 19 ـ قۇر)؛ ئۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئۇچراشماقچى بوپتۇ (شەرق تەرەپ 20 ـ قۇر)؛ ئۈچەيلەن (بىللە) قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنى يوقىتايلى دېيىشىپتۇ (شەرق تەرەپ 21 ـ قۇر)؛ ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى (شىمال تەرەپ 33 ـ قۇر).

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: ئۈچ قوردقانلاردىن، 30 تاتارلاردىن، قىتانلاردىن، تاتابىلاردىن بولۇپ شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتۇ (شەرق تەرەپ 4 ـ قۇر)؛ 13 قېتىم ئۇرۇشتۇق (شەرق تەرەپ 18 ـ قۇر)؛ ئۈچىنچى قېتىم يەگەت سىلىگ بەگنىڭ يوپۇقلۇق تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى (شەرق تەرەپ 33 ـ قۇر)؛ ئۈچىنچى قېتىم بولچۇدا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق (شىمال تەرەپ 6 ـ قۇر).

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: ئۈچىنچى قېتىم چۇش دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم (شەرقىي يۈزى 30 ـ قۇر)؛ ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلدى (شەرقىي يۈزى 32 ـ قۇر)؛ تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈم 33 يېشىمدا... (شەرقىي يۈزى 33 ـ قۇر)؛ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىككى-ئۈچ كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى (شەرقىي يۈزى 41 ـ قۇر)؛ ئۈچ تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم (جەنۇب تەرەپ 8 ـ قۇر).

«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلار: ئۈچ بەركۇ دېگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى... ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى؛ شۇ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەيرە بېشى ۋە ئۈچ بىركۆدە تاتارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم؛ بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تارمار قىلدىم؛ سىرتتىن ئۈچ قارلۇق ئىدۇق؛ مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ... تۇغ...؛ 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندە يۈرۈش قىلدىم؛ ئۇ يەردىن قايتىپ... ئۈچ تۇغنى... بىرلەشى... 21 ى ئوردىنى... ئۇ يەردە (نەيزە) سانجىدىم؛ يارىش ۋە ئاغۇلىخ ئارىلىقىدا... ئۈچ تۈمەن... نەيزىلىگەن يەردە... ئويلاپتۇ. ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى...

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇرپان ـ ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»دىكى بايانلار:

«ئۈچ ئوردىغا تەئەللۇق يەرلەر... تېرىشقا تاپشۇرۇلسۇن. ئەگەر خوجدار ياخشى قارىمىغان بولسا 300 (3×100) دەررە ئۇرۇلۇپ گۇناھى سورۇشتۇرۇلىدۇ. دىندارلارنىڭ تامىقىنى خام قىلىپ قويغۇچىغا 300 (3×100) دەررە ئۇرۇلسۇن. 30 (3×10) قوغۇننى چوڭ مانى ئىبادەتخانىسىغا، 30 (3×10) قوغۇننى كىچىك مانى ئىبادەتخانىسىغا بەرسۇن. ئەگەر ناچار ئىشلىسە 300 (3×100) دەررىدىن ئۇرۇلسۇن ھەمدە ھەر بىرىگە... بىلەن جازا بېرىلسۇن ‹مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى›؛ ئۈچ ياستۇق... يۈلڭ... نى... دىكى تۆت قويغا ئۈچ سىتىر بەردى. ياستۇققا... ئۈچ باقىرغا ئالدۇق. ئۈچ باقىرغا يارما ئايرىغۇچ ئالدۇق. ئاق مارجاننى ئۈچ باقىرغا ئالدۇق. بىر ياستۇقنى ئۆيدىن چىقىرىپ (جەمئىي) ئۈچ ياستۇق تويلۇق بەردى. بۇ ئۈچ ياستۇقنىڭ ئۆسۈمى ئۆزى بىلەن (بولۇپ) 14 ياستۇق. 42 سىتىر كۈمۈش بولدى. توققۇزدىن 12 سىتىر كۈمۈشنى بىر ئايدا ئۈچ باقىر ئۆسۈمگە ئالدۇق. ئۈچ پارچە ئاق تاۋارنى ئالتە باقىرغا ئالدۇق. بىلەينى ئۈچ باقىرغا ئالدۇق. سەككىز باقىرغا ئۈچ پارچە بىنەپشەرەڭ شايى ئالدۇق. ئۈچ ئۆلۈم ئۇزاتقاندىكى خىراجەت ئۆيدىن يەتمەي ئۆسۈمگە... ‹توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى›؛ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوكۈيدىن ئۈچ توپتىن بۆز قەرز ئالماقچى ‹بۆز قەرز ئېلىش ھۆججىتى›؛ ئۈچ قوۋراقمۇ (ئۈچ خىل جامائەت) ھوقۇقسىز بولسۇن ‹راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى›؛ مەن يىلىم قاراڭغۇچىنىڭ يۇقىرىقى شەرتلەرنى ئۈچ قېتىم بايان قىلىشى بىلەن مەزكۇر تامغىلىق ھۆججەتنى يېزىپ چىقتىم ‹ئېشەك ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى›؛ مەنكى بارچا تۇرمىش ھەرقايسى يېزا جامائەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق تولۇق بايانىدىن مەزكۇر ھۆججەتنى يېزىپ چىقتىم. ‹باغۋەننى رەنىگە قويۇپ پاختا رەخت قەرزگە ئېلىش ھۆججىتى›؛ مەنكى مىسرىلار ئۇلارنى ئۈچ قېتىم ئاغزاكى بايان قىلدۇرۇپ، مەزكۇر ھۆججەتنى يېزىپ چىقتىم ‹يەر ئىجارىگە بېرىش ھۆججىتى›؛ مەن ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ 30 (3×10) توپ پاختا رەخت چىقىم قىلدىم ‹پاختا رەختنىڭ پۇلنىڭ رولىنى ئويىنىشى ھەققىدىكى ھۆججەت›؛ تۇرىي سەن ماڭا تەۋە ئۈچ ئەمگەك كۈچلۈك ئۆزۈملۈكنى ئېلىپ مېنىڭ قەرزلىرىمنى قايتۇرالامسەن؟‹چىتەي بۇقاغا ئۈچ ناچار قايتۇرۇش ۋە باشقىلار. مەن ئۈچ يىل ئىچىدە قايتىپ كېلەلمىسەم... ‹قەرز ئۈچۈن ئۆزۈملۈكنى رەنىگە قويۇش ھۆججىتى›؛

ئۈكۈينىڭ نامىدا ھەر بىرىمىز ئۈچ تويتىن پاختا رەخت قەرز ئالدۇق ‹پاختا رەخت قەرز ئېلىش ھۆججىتى›؛ مەن پاھجۇرتۇ ئۈنىڭغا يۇقىرىقىلارنى ئۈچ قېتىم بايان قىلدۇرغاندىن كېيىن مەزكۇر ھۆججەتنى يېزىپ چىقتىم ‹كۈمۈش پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتى›؛ پىسرەنىڭ نامىدا ئۈچ سىتىر كۈمۈش پۇل قەرز ئالدىم ‹پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتى›؛ ئۇلار ئۈچىگە ئۈچ ياستۇق چاۋ بېرىلسە بولىدۇ! مەن سېتىۋالغان تەكلىك ۋە تەكلىكنىڭ سىرتىدىكى ئۈچ پارچە يەر تاپىشقا بېرىلىدۇ. مەن ئۈچ كۈن (؟)نى... يۇقىرىقى ئۈچىگە تۆت سىتىردىن كۈمۈش تۆلەپ بېرىلدى ‹مىراس تەقسىم قىلىش ھۆججىتى›؛... ئات تاپشۇرغۇچى بۇ ھۆججەتكە ئاساسەن قويچۇردىن ئۈچ باقىر كۈمۈش ھەق ئالسا بولىدۇ ‹ئات سېلىقى تاپشۇرۇش ھۆججىتى›؛... ئۈچ باغلام ئوتۇن بەردىم ‹ماددىي بۇيۇم بىلەن ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇشقا ئائىت ھۆججەت›؛ ئۈچ كۆرە تېرىقنى بۇشامىز تاپشىمغا بەرگىن ‹باج ئەمەلدارىنىڭ بۇيرۇق ھۆججىتى›: ... مەنكى قايتۇ تۇتۇڭغا كۈمۈش خىراجەت قىلىش توغرا كېلىپ، تىنتىسۇ ئىسىملىك ئوغلۇمنى ئۈچ يىل رەنە ھېسابىدا ۋاقىتلىق ئىشلەپ بېرىشكە بەردىم ‹ئوغلىنى رەنگە قويۇش ھۆججىتى›؛... ئۈچ پارچە چاسا كۆرپە... ياغاق دەرىخىدىن ياسالغان ئۈچ...، تۇۋاقلىق ئۈچ...، تۇۋاقلىق ئۈچ خۇمرا ‹قاراچۇقنىڭ ۋەسىيىتى›؛ كالىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كۈزنىڭ دەسلىپىدە ئىككى دادەن بۇغداي، ئۈچ دادەن تېرىق بىلەن تۆلەيمەن ‹تولاق تېمورنىڭ كالا ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى›؛ ئۈچ شىق (دادەنلىك) يېرىمنى قۇتلۇق تاش ئىسىملىك (كىشىگە) مۇۋاپىق باھادا ساتتىم ‹يەر سېتىش ھۆججىتى›.

«ئۇرۇمچى ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

ئىككى قۇر كىيىم تىكىش ئۈچۈن ئۈچ سىتىرغا يەرلىك شايى ئالدۇق. ئۈچ سىتىرغا بىر يېرىم... ئىككى پارچە سۇس سېرىق رەڭلىك خام تېرە ئالدۇق، ئۈچ باقىرغا ساۋۇر ئالدۇق، ئاق رەڭلىك مارجاننى ئۈچ باقىرغا ئالدۇق... بىر ياستۇقنى ئۆيدىن ھازىرلاپ، ئۈچ ياستۇق قابىنىنى بەردى. شايى ئۈچۈن... ئۈچ باقىر سەرپ قىلدى. بۇ ئۈچ ياستۇقنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى بولۇپ جەمئىي 14 ياستۇق 42 سىتىر كۈمۈش بەردۇق. ئالتە باقىرغا ئېغىزدۇرۇق، ئۈچ پارچە پۆپۈك ئالدۇق. ئۈچ باقىرغا ئۈپا،... ئۈچ باقىرغا بىلەي تاش ئالدۇق ‹ 1- ھۆججەت›.

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى»دىكى بايانلار:

سىزگە لازىم بولغان ئىككى توپ ئىنچىكە بۆز، ئۈچ لىۋىكى ۋە ئىككى توپ ماتانى تاپشۇرۇپ بەردىم ‹لاۋخان چىگىسىنىڭ ئېل ئالمىشقا يازغان خېتى›؛ تايانغۇغا بىر توپ پىششىق يىپەك سوۋغات قىلىنسۇن! ئۈچ... ‹ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىنى ئىزدەشكە ئائىت ھۆججەت›؛ ئۇ قېتىمقى سودىدا مەن ئۈچ توپ يىپەككە ئېرىشەلمىدىم ‹تاڭغۇسىنىڭ قارغا يازغان خېتى›؛ ئۇ يەردە ساڭا ئۈچ توپ يىپەك ھەدىيە قىلغانىدىم ‹سىڭچىنىڭ كىڭتۇ ئاچارىياغا يازغان خېتى›؛ ئاپساپتا ئۈچ توپ ئېسىل يىپەك، مەن بۆرە بارىسقا ئۈچ توپ يىپەك بەردىم. بۆرە سانغۇندا ئۈچ توپ يىپىكىم بار. ئۈچ پارچە ماتا رەختكە يارۇق ‹شاجۇدا يېزىلغان خەت›؛ باي قۇتلۇق ئۈچ توپ قىزىل ماتا ۋە بىر توپ ئاق ماتانى بىر تۇياق قويغا ئالماشتۇردى ‹ماتا ئالماشتۇرۇش ھۆججىتى› (ئالدى يۈز)؛ ئالدىمىزدىكى تۆگە يۈكىدە ئون توپ قىزىل رەڭلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇمى، ئۈچ توپ رەڭلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇمى، يەنە سەككىز توپ قىزىل رەڭلىك قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇمى بار ‹قوي ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھۆججىتى›.

مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆز - جۈملىلەر گەرچە ئاز ۋە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا سان مۇقەددەسلىكى خېلى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا ئۇ «خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى» (ئىبراھىم ئىزاقى: «مۇقەددەس سان ــ ئۈچ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 8 - سانى، 41 - بەت) بولغان «ئۈچ» مۇقەددەسلىكىنىڭ دەۋرىگە نىسبەتەن چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»تە كۈن تۇغدى ئىلىكنىڭ قولىدا خەنجەر، بىر يېنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شېكەر، بىر يېنىدا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا ئۈچ پۈتلۈق كۈمۈش كورسىدا سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىشى قاتارلىقلار ھەرگىز تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى «ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى ئۈچ بۆلۈك ئۇسلۇبىمۇ بىزنىڭچە بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى «شامان دىنى ئېتىقادىدا كۆككە چوقۇنۇش (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش) ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ يۇلتۇز ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياتلىق سىمۋولى دەپ قارالغان، كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە گويا ھەرە چېشىدەك بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن ئۈچ بۆلۈكنى ئەسلەتەتتى (قەلبنۇر مۇھەممەد: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدىكى ئاياللارغا چوقۇنۇش قارىشى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 1995 - يىل 4 - سان)»، دېمەك قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە (بولۇپمۇ يۇلتۇزلارغا) چوقۇنۇش قاراشلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى (مەسىلەن، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى ئۈچ بۆلۈك شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى)دا ئەكس ئەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئالەم ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرى (مەسىلەن، ئالەمنى جەننەت، بەندىلەر دۇنياسى ۋە دوزاخ دەپ ئۈچكە بۆلۈشى) ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا — ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مىسرالار بار:

801 مونۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسقا باق.
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياغ.
802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر.
تۈرۈر ئۈچ پۈتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.
803 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق توغرا تۈز تۈرۈر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىرى ئەگرى بولۇر.

دەرۋەقە، «ئۈچ» سانىنى مۇقەددەس بىلىش كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ ئۆزگىچە خاراكتېر ئالغان.

بۇنىڭدىن باشقا «ئۈچ» سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر سان — «30» سانىمۇ بار بولۇپ، بۇمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «مەن قىلارمەن 30، خۇدايىم قىلار 9» دېگەن خەلق ماقالى ۋە «30 ئوغۇل مەشرىپى» دېگەن سۆز بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ «ياغمىلار 30 سۆزىنى ئۈچ مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ، ئۇلار، ئۈچ قېتىم ئىچەيلى، دېگەننىڭ ئورنىغا 30 قېتىم ئىچەيلى دەيدۇ. «30»نى ئادەتتىكى مەنىدىمۇ ئىشلىتىدۇ» دېگەن بايانلار بار. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 30 ئوغۇل مەشرىپى قانچە ئادەم قاتنىششىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا «30 ئوغۇل مەشرىپى» دېيىلىدۇ، مەشرەپ قاتناشچىلىرىمۇ ئوخشاشلا «30 ئوغۇل» دېيىلىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىقى بايانلاردىكى «30» سانىنىمۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان. بۇنداق قاراشتىكى سەۋەب شۇكى «30، ئۈچ يەردە ئون، سانى شامان دىنى ئەقىدىسىدىكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان ئۈچ ماكان (كۆك، تۇپراق، يەر ئاستى - جەھەننەم) نىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ چوڭ سان — 10 سانىغا كۆپەيتىلىشى ياكى ئون سانىنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرار قوشۇلۇشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان چەكسىزلىكنىڭ سانلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت («مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەر قوللانمىسى» (خەنزۇچە) 639 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى)».

خەلقىمىز كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئۈچ»نى مۇقەددەس سان دەپ بىلگەچكە، تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا بۇ سانىنى ئۇلۇغلاش ئادىتى سىڭىپ كەتكەن. بىز مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە ۋە مەيلى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇ ھالەتنىڭ روشەن ئەكس ئەتكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن « «ئۈچ ئاكا - ئۇكا»، «ئۈچ ئاچا - سىڭىل»، «ئۈچ ئەخمەت»، «ئۈچ ئوغرى»، «ئۈچ ھۈنەرۋەن»، «ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان»، «ئۈچ ھۆرۈن»، «ئۈچ مۇساپىر»... كەبى چۆچەكلەرگىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە

بولغان «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساقمۇ، مۇقەددەس سان «ئۈچ»كە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. تۆۋەندە لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۈچ»كە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«بايۋەچچىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى»: «بۇنىڭغا 100 جۈپ گۆھەر ياردەم قىلسەن، مۆھلىتى ئۈچ كۈن، بىر كۈن ئېشىپ كەتسە، كاللاڭنى ئاسقىدا كۆر» (22 ـ بەت)، «ساڭا 100 جۈپ گۆھەر سېلىق چۈشتى، ئۈچ كۈن ئىچىدە ھازىرلىشىڭ كېرەك، بىر كۈن كېچىكتۈرسەڭ بېشىڭنى ئاسقىدا كۆر» (23 ـ بەت)، «ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار بەخىرامان ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپتۇ» (23 ـ بەت)، «قەلەمتىراش»: «بىز ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇل... مەن ئۈچ قىزنىڭ چوڭى...» (35 ـ بەت)، «بالا پادىشاھ ئىككىنچى قىز كۆرسەتكەن يول بىلەن ئۈچىنچى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ» (36 ـ بەت)، «بۇنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى قىزمۇ تەسىرلىنىپ...» (36 ـ بەت)، «ھەي ئاكىلار، بىز ئۈچ قىز ئاتا ـ ئانىمىزدىن كىچىك قالدۇق» (37 ـ بەت)، «بۇنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى قىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بالا پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى ئاكىلىرىغا بىرمۇبىر ئېيتىپتۇ» (37 ـ بەت)، «ھاجى پالۋان»: «ئۇلارنىڭ بىرى ئۈچ كۆزلۈك، بىرسى ئىككى كۆزلۈك ئىكەن... ئۈچ كۆزلۈك سەركە خوجايىنى ئىكەن...ئۈچ كۆزلۈك سەركە قوتانغا كىرىپ شۇنداق قارىسا قوتان پاك ـ پاكىز تازىلاغلىق تۇرغان» (39 ـ بەت)، «ئۈچ كۆزلۈك سەركە قويلارنى باقماقچى بولۇپتۇ... ئۈچ كۆزلۈك سەركە ئۇنىڭدىن...» (39 ـ بەت)، «قوتاندا ئۈچ كۆزلۈك سەركە قالماقچى بولۇپتۇ»، «ئەتىسى ئۈچ كۆزلۈك سەركە قوتاننىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ»، «ئۈچ كۆزلۈك سەركە سەكرەپ بېرىپلا ھاجى پالۋاننى تۇتۇۋاپتۇ»، «قارا ئېقىنغا بارماقچى بوپتۇ ۋە ئۈچ كۆزلۈك سەركىدىن... ئۈچ كۆزلۈك سەركە ھاجى پالۋانغا...» (40 ـ بەت)، «ئۈچىنچى كۈنى ھاجى پالۋان يەنە بېرىپ ئايال جىن بىلەن بەسلىشىپتۇ»، «ئۇ ئۆيدە ئۈچ كەپتەر بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلىكىلەر» (41 ـ بەت)، «ئۇ ئۆيدە ئۈچ قونداقتا ئۈچ كەپتەر بار، يېنىدا ئۈچ ياغلىق ئېسىقلىق»، «ھاجى پالۋان ھېلىقى ئۆينى ئېچىپ قارىسا، دېگەندەك ئۈچ دانە كەپتەر قونداقتا ئولتۇرغان، يېنىدا ئۈچ ياغلىق ئېسىقلىق تۇرغان» (42 ـ بەت)، «شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۈچ كۆزلۈك سەركىدىن سوراپتۇ. ئۈچ كۆزلۈك سەركە ئەتراپقا شۇنداق نەزەر تاشلاپ»، «ئەمدى مېنى كۆرەر بولسا مۇنۇ ئەينەكنى ئېلىپ ئۈچ يىل ماڭسۇن»، «دەل ئۈچ يىل بولغاندا بىر تاغنىڭ باغرىغا چۈشۈپ ئەينەكنىڭ يۈزىگە شۇنداق قارىسا مەلىكە ئەينەكتە ھازىر بوپتۇ»، «ھەي يىگىت، سىز مېنى ئىزدەپ يا ئۈچ كۈن، يا ئۈچ ئاي، يا ئۈچ يىل يول يۈرۈڭ دېگەنىدىم، ھازىر ۋاقىت ئۇزىراپ كەتتى» (43 ـ بەت)، «پاچاق قۇلى»: «كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كەمبەغەل ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ» (45 ـ بەت)، «پاچاق قۇلى يولغا چىقىپ ئۈچ كۈن بولغاندا بىر گەمە ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ» (47 ـ بەت)، «يالماۋۇز بۇ كېچىدە يەنە ئۈچ قېتىم چاقىرىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يالماۋۇز يەنە ئىككى قېتىم چاقىرىپتۇ. ئۇلار ئۈچى قاتار ياتىدىكەن. ئۈچىنچى كۈنى يالماۋۇز ئىككى قېتىم چاقىرىپ... بۇ چاغدا يالماۋۇز ئۈچىنچى قېتىم يەنە...» (48 ـ بەت)، «ئۇلارنى شۇ سۆرىگەن پېتى ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ يالماۋۇزنىڭ ۋەيران بولغان گەمىسى ئالدىغا كەپتۇ»، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا شۇنىڭدىن كېيىن ئىنتايىن ئىناق ـ ئىنتىپاق ئۆتۈپتۇ» (50 ـ بەت)، «ئالا كۆن باتۇر»: «شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر مەھەللىگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن»، «ئوغۇللىرى ئۈچ ئايلىق بولغاندا، باتۇر قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ بېشى تاشقا تېگىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ»، «يىلدا بىر قېتىم كېلەلمىسەڭ ئۈچ يىلدا بىر كېلىمىز» (51 ـ بەت)، «مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار»، «ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئالا كۆن باتۇر ئانىسىدىن ئاتىسىنىڭ ئارغىمىقىنى سوراپتۇ»، «مۇشۇ يەردىن كۈنپېتىشقا قاراپ ئۈچ كۈن ماڭساڭ بىر تۇزلەڭلىك بار»، «ئۈچ كۈن يۈرۈپ ئارغىماق بىلەن ئېگەر ـ جابدۇقنى تېپىپتۇ»، «مەن سېنى ئۈچ قېتىم سىنايمەن»، «ئارغىماق بالىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم سىنىغاندىن كېيىن...» (52 ـ بەت)، «ئاردىن ئۈچ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئۈچ يىگىت بىر قوتاندا ياتىدىكەن»، «ئارىدىن يەنە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ»، «كېيىن ئۈچ ئاكا - ئۇكا بىرلىشىپ شەھەرگە تېگىش قىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك جەڭ بىلەن شەھەرنى قانغا بوياپتۇ» (53 - بەت)، «ئىمىل غايىب»: «بۇ شەھەردە ئۈچ بېلىقچى بار ئىكەن»، «بېلىقچىلارغا ئۈچ تىللا بېرىپ ئىككى تىللانى ياندۇرۇپ قېلىش لازىم»، «ئۆلىمالار ئۈچ كۈن ئويلىنىپ ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ» (55 - بەت)، «ئېيىق باتۇر»: «ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئۈچ قىزى بار ئىكەن»، «ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ»، «ئۈچىنچى كۈنى بىر پادىچى كېلىپ ئۇمۇ تېپىۋاپتۇ. ئۈچىنچى قىزنى پادىچىغا بەرمەكچى بوپتۇ. ئۈچ قىزنىڭ تويىنى بىر كۈندە قىپتۇ»، «ئۈچ تېمى بار، بىر تېمى يوق بىر ئۆي» (57 - بەت)، «ئارىلىقتا ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ»، «دەل ئۈچ يىل توشقان كۈنى پادىشاھ خانئايىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ»، «بىز ئۈچ قىزىمىزنى ياتلىق قىلغىلى ئۈچ يىل بولدى»، «ياتلىق قىلىپلا ئۈچ يىلغىچە يوقلىمىدۇق»، «خانىش ماقۇل بولغاندىن كېيىن 40 ياساۋۇل بەلگىلەپ ئۈچ قىزنىڭ ئۆيلىردگە ئەۋەتىپتۇ» (58 - بەت)، «بۇ قىز بۇلارنى ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئىنتايىن قىزغىن مېھمان قىپتۇ»، «پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى شۇ زامات پادىشاھ بەرگەن سوۋغىلارنى ئۈچ قىزغا بەرگەچ، چوڭ قىزىغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپتۇ» (59 - بەت)، «ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر ئەسكى گەمە ئۆي ئالدىغا كەپتۇ»، «ئىككىسى ئۆڭكۈردە ئۈچ يىل بىللە ياشاپتۇ» (60 - بەت)، «ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ بالىسىغا كىيىم - كېچەك راسلاپ كىيدۈرۈپ..»، «ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ» (61 - بەت). «شاھزادە بىلەن بىر جۈپ مەلىكە»: «مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان ئۈچ ئېغىز سۆزۈم بار» (63 - بەت)، «بۇ قېشىڭىزغا ئۈچىنچى قېتىم كېلىشىم» (64 - بەت)، «مانا ھازىر ئۈچىنچى قېتىم كەلدىم» (64 - بەت)، «توختىماي ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن...»، «يەنە ئۈچ كۈن تەخىر قىلىڭ»، «ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ يەنە بىر قونالغۇغا كەپتۇ»، «يەنە ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن...» (65 - بەت)، «ئۇلار يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن...» (66 - بەت)، «كۈنپېتىشقا قاراپ ئۈچ كۈن يۈرگەندە بىر دېڭىز بار» (67 - بەت)، «شاھزادە ئۈچ مەلىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا پۇخادىن چىققۇچە مېھمان بوپتۇ... ئۈچ كۈن ھاردۇق چىقارغاندىن كېيىن...»، «شاھزادە ئۈچ مەلىكە بىلەن ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈپ، بۇ يۇرتتا ئون يىلچە تۇرۇپ قاپتۇ» (68 - بەت)، «گۈلجامال»: «ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ...»، «يەنە ئۈچ كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن...»، «ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن...»، «مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كىرگەن بولىمەن»، «مۇشۇنداق ئۆيگە ئۈچ قېتىم كىردىم»، «سىزدەك قىزنىڭ ئۈچىنىڭ قولىدىن چاي ئىچتىم»، «ئۈچىنچى كىرگىنىڭىز مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ»، «ئۇ سىزگە ئۈچ ئىشنى ئورۇنداشنى ئېيتىدۇ»، «ئۈچىنچى ئىش: ئاچا - سىڭىل ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدىن مېنى تونۇپ بېرىش»، «بالا دىۋىنىڭ ماكانىغا قاراپ مېڭىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يېتىپ بېرىپتۇ» (71 - بەت)، «ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئارام ئالغىن. ئۈچ

2016 . 4

كۆندىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمغا كىر،... تۇرلۇك غىزالار بىلەن ئوزۇقلىنىپ ئۈچ كۈن ئارام ئاپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە دىۋىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ»، «يەنە ئۈچ كۈن ئارام ئالسەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە مېنىڭ ئالدىمغا كىرىدسەن، — دەپتۇ. بالا يەنە ئۈچ كۈن ياخشى ئارام ئېلىپ...»، «شۇنىڭغا ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆۋرۈك سالىسەن»، «ئۈچىنچى كۈنى دېگەرگىچە دەريا ياقىسىدىن ئايرىلماي تۇرۇڭ. مەن ئۈچىنچى كۈنى دېگەر ۋاقتى بىلەن كېلىمەن»، «ئۈچىنچى كۈنى دېگەرگىچە كۈتۈپ ...»، «ئۈچىنچى ئىشنى تاپشۇرغىچە ئارىلىقتا يەنە ئۈچ كۈن ئارام ئالسەن، — دەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە بالا دىۋىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ»، «ئۈچىنچى ئىش: مېنىڭ ئۈچ قىزىم بار» (72 ـ بەت)، «ئۈچىمىزنى قاتار تىزىپ قويسا سىز ھەرگىزمۇ تونۇيالمايسىز»، «ئەتىسى ئۈچ قىزنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ»، «چوڭ ئاكىسى ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۇلارنى ئىزدەپتۇ»، «سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە زادى نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟»، «مەن ئىزدەپ ئۈچىنچى كۈنى...» (73 ـ بەت)، «ئۈچ قېتىم سورىغانغا قەدەر گەپ قىلمايسىز. ئۈچىنچى قېتىم گاس ئادەمدەك ئۈنلۈك ئاۋازدا ‹نېمە دەيسەن؟› دەپ توۋلايسىز»، «ئۈچ قېتىم سوراپتۇ»، «ئۈچىنچى كۈنى توي تارقاپ...»، «ئۆزىنىڭ ئۈچ كۈنگىچە كەلمەي...» (75 ـ بەت)، «كەنناسىر»: «شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايغىچە 90 تۇياق ئاتتىن 81 نى ئۆلتۈرۈپ توققۇزىلا ساق قاپتۇ»، «ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەييارلار..»، «ئېغىلغا سولاپ قويغىلى ئۈچ ئاي بولدى»، «ئۇستام ئۈچ كۈنلۈك يولدا ئۇسساپ قالدى»، «ئۈچ كۈنلۈك يولغا راۋان بوپتۇ»، «ئۈچ كۈن بۇرۇن كەنناسىر ئالدىراش كىرىپ سىزنى ‹ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا ئۇسسۇزلۇقتا قالدى› دېدى» (77 ـ بەت)، « 70 ئېغىلنىڭ يەتتە ئېغىلدا ئۈچ ئارغىمىقى بار»، «سەن مۇشۇ يەردىن ئۈچ كۈن ماڭساڭ چوڭ مازارغا بارىسەن» (78 ـ بەت)، «ئۈچ كەپتەر شۇ يەرگە كېلىپ چۈشىدۇ»، «ئۈچىنچى قېتىمدا كىيىمىنى تىقۋال»، «كۈن كەچ بولغاندا يەنە ئۈچ كەپتەر كەپتۇ، ئۇلار يەرگە چۈشۈپ ئۈچ قىزغا ئايلىنىپتۇ»، «كۈن سۈرەتلىك پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم چۆمۈپ چىقىپ كىيىمىنى كىيىپ قايتاي دېسە، كىيىمى يوق تۇرغۇدەك»، «پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم...» (81 ـ بەت)، «بارلىق ئامبارلارنى ئېچىپ ئۈچ كۈن ئىزدەپ ئاخىر ھېلىقى كالاچىنىڭ يەنە بىر پېيىنى تېپىپ يەنە باشقا ئالتە جۈپ گۆھەر كالاچىنى قوشۇپ ئاپتۇ» (82 ـ بەت)، «مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللا»: «ئۇلۇغ قول ۋەزىر نائىلاج ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ» (85 ـ بەت)، «ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ شاھزادە رەۋەيدۇللا ئارام ئېلىۋاتقان جايغا كەپتۇ» (90 ـ بەت)، «بۇرۇن بىر بولساڭ ھازىر ئۈچ بولۇپ قولۇمغا چۈشتۈڭ»، «ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سۇنىڭ يۈزىگە قىزىل قان، ئاق كۆپۈك چىقىشقا باشلاپتۇ» (92 ـ بەت)، «رەھمىدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار»: «بۇ بالىسى ئۈچ ياشقا كىرگەندە باينىڭ كېيىنكى ئايالى يەنە ھامىلدار بولۇپ، يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ»، «باينىڭ ئۈچ ئوغلىمۇ چوڭ بوپتۇ»، «ئۇنىڭ ئالتۇن تاي، گۆھەر تاي، نۆھەر تاي دەيدىغان ئۈچ ئېتى بار ئىكەن. ئالدى بىلەن مۇشۇ ئۈچ تايىنى بۆلۈشكە باشلاپتۇ»، «قارىسا ئۈچ تايىنى ئۈچ دىۋە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك»، «شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئوغۇل تايلارنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ يولنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى بارسا كېلىدىغان، سول تەرەپتىكىسى بارسا كەلمەيدىغان، ئوتتۇرىسىدىكى بارسا كېلىدىغان يا كەلمەيدىغان يول ئىكەن»، «ئۈچى ئۈچ يولغا كېتىپتۇ» (97 ـ بەت)، «ئەنۋەر ئۈچ تېيى بىلەن مەلىكىنىمۇ دىۋىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى نىيەت قىلىپ» (98 ـ بەت)، «كەنجى ئوغۇل ئەنۋەر گۈزەل مەلىكىنىڭ ياردىمىدە ئۈچ تايىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ»، «ئۇلار ماڭا ـ ماڭا ئۈچ ئاچا يولنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قارىسا ئاكىلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەن ئىزى يوقمىش»، «ئۈچىمىز ئۆيدىن بىللە چىققان، بىللە قايتمىساق دادىمىزغا نېمە دەيمىز؟!»، «مەن ئۈچ تايىنى مۇشۇ مەلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا چۈشۈردۈم» (99 ـ بەت)، «ئادەم تۆت، مىنىدىغان ئۇلاغ ئۈچ، قانداق قىلىمىز؟»، «كەچ كىرگەندە ھېلىقى ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىشىپتۇ»، «ئەنۋەر ئۈچ تايىنى، يەنە بىر قاپ ئالتۇن ھەم پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۆيىگە ئاپارسا...» (100 ـ بەت)، «توينىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەنۋەر بىلەن مەلىكە ياخشىلىق قىلغان ھېلىقى قارىغۇ بوۋاي بىلەن چولاق ئادەممۇ تويغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلىپ، ئەنۋەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





(101 ـ بەت)، «ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۈچ تايىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنلىكى...» (102 ـ بەت). «تايغان نېمە ۋاپا قىلدى، گۈلخان نېمە جاپا قىلدى؟»: «بىر چاغدا بالىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئادەم هازىر بوپتۇ» (103 ـ بەت)، «قىز يىگىتكە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ» (104 ـ بەت)، «مەن ئۇلارنى ئۈچ ۋاق تاماقتىن كېيىن ئۈچ ۋاق يوقلاپ تۇراتتىم» (106 ـ بەت)، «ئاق بوز ئات»: «ئۇلار مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ كۆچمەس باينىڭ قورۇسىغا كەپتۇ»، «دىۋە بار جايغا ئۈچ كۈنلۈك يول قالدى»، «ئۈچ كۈن بولغاندا ‹ئاگاھ بول، كەلدۇق›، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ»، «كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۈچ كېچە-كۈندۈزدە ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ» (109 ـ بەت)، «ھەمراخان»: «ئۈچ ئايالنى ئېلىپ قاپتۇ»، «بۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى ھەسەت قىلىدىكەن»، «بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئۈچ ھەسەتخور خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ..» (113 ـ بەت)، «بىز ئۈچىمىز تۇغمىدۇق»، «ئۈچ خوتۇننىڭ مەسلىھەتى بىر يەردىن چىقىپتۇ»، «مەستانى دەللە ئۈچ ئايالغا...»، «ئۈچ ئايال پادىشاھقا....» (114 ـ بەت)، «ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر جايدا بىر كۆك دەرۋازا بار»، «مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىكى ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر جايدا بىر كۆك دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىز بار ئىكەن» (116 ـ بەت)، «ئۈچىنچى دەرۋازىغا بېرىپمۇ شۇنداق قىل» (ئۈچىنچى دەرۋازا ئالدىغا بېرىپمۇ...)، «سەن تۇرۇۋاتقان جايدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر جايدا ئىككى مۇساپىر بالا بار» (117 ـ بەت)، «ئۈچ كىشى ئۆڭكۈردە خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرۈپتۇ»، «بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن بارىمىز» (118 ـ بەت)، «ئۈچ كۈن ئۇياق-بۇياقنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ»، «پادىشاھ ئۈچ كۈن مېھمان بولغاندىن كېيىن»، «بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن بارىمىز»، «ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇلار يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قاياقتىندۇر ئالتۇن ئېگەرلىك ئۈچ ئارغىماق پەيدا بوپتۇ. بۇلار ھەيران-ھەس بولۇپ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ ئۈچ ئارغىماققا مىنىپ ئاتلىنىپتۇ» (120 ـ بەت)، «بۇ ئۈچەيلەن دەرھال شەھەرگە كىرىپتۇ»، «بۇنى كۆرگەن ئۈچ ھەسەتخور خوتۇننىڭ جان-ئىمانى چىقىپ، دەرھال ئالدىغانلىرىنى ئېلىپ، دەللە بىلەن بىرلىكتە قېچىپتۇ»، «سىلەرنى مۇشۇنداق كۈنگە قويغان سىزنىڭ ئۈچ ھەسەتخور خوتۇنىڭىز»، «ئۈچ خوتۇنى ۋە مەستانى دەللىنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ» (121 ـ بەت)، «قىسمەت»: «ئۈچ ئوغۇل بالا سۇغا چۈشۈپ...»، «پادىشاھ بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئۈچ كۈن قاراپ تۇرۇپتۇ. باللارمۇ ئۈچ كۈنگىچە سۇدىن چىقماپتۇ»، «بۇ ئۈچ بالىنىڭ يېنىغا كەپتۇ» (122 ـ بەت)، «روزى بۆزچى»: «ئىككىسى بۇرۇن ئۇچراشقان يەردە يەنە ئۈچ قارىغۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ»، «بەلبېغىنى يېشىپ ئۈچ قارىغۇغا تەڭلەپتۇ» (129 ـ بەت)، «مەدىكار ئۈچىنچىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ يەتتە پارچە قىلىپ

چاناپ، تېگىگە ۋە تۆپىگە كۆپلەپ تىكەن بېسىپ كۆمۈۋې-
تىپتۇ» (131 ـ بەت). «ئەقىللىق خوتۇن»: «شۇ يۇرتنىڭ
پادىشاھىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولغان-
كەن» (136 ـ بەت)، «ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئۈچ
كۈنگىچە كالىغا بېرىدىغان ئوت ۋە بوغۇزلارنى سۇدا قاي-
نىتىپ پىشۇرۇپ بېرىپتۇ» (138 ـ بەت)، «ئىككىسى ئاتقا
مىنىپ، ئۈچ كۈنگىچە چاپتۇرۇپ، ئاتنىڭ ھالىنى قويماپ-
تۇ»، «پادىشاھ: ‹نەچچە كۈندە كەلدىڭ؟› دېسە ‹ئۈچ
كۈندە كەلدىم› دەيسىز» (139 ـ بەت). «مەڭكۈ باتۇر»:
«مىرزان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كۈندە ئۈچ قېتىم
غېجەك چالىدىكەن»، «ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە،
راست دېگەندەك، مەڭكۈ سەللىمازا ساقىيىپتۇ» (144 ـ
بەت)، «پەقەت ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ»، «ئۈچ
كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە بالا ئۆز ئادىتى بويىچە ئويناپ-
تۇ»، «ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن ۋاقتىمۇ
توشتى» (145 ـ بەت)، «بۇ باققان باتۇر ئۈچ كۈندە بىر
قېتىم دادىسىنى يوقلاپ تۇرىدىكەن»، «سىلەرگە مەن
ئۈچ ياراق ئېلىپ كەلدىم»، «ئۈچ ياراقنى باللارغا بې-
رىپتۇ» (147 ـ بەت)، «ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ، بىر
تەرىپى يەتتە دەريا، ئۈچ تاغنى بېسىپ، يەنە بىر تەرىپى
شەھەرنىڭ يېرىمىنى بېسىپ، نەچچە جىلغا ئورماندىن ئارتى-
لىپ چۈشۈپ يىقىلىپتۇ» (148 ـ بەت)، «ھازىرلا 3000 قۇل
ئەۋەت»، «ۋەزىر پادىشاھ دېگەن يەرگە 3000 قۇل ئە-
ۋەتىپتۇ. 3000 قۇل دەريانى توسۇۋالغان ئەجدىھانىڭ
يېرىم تېنىنى ياقىغا تارتىپ چىقىرالماي...»، «مەڭكۈ باتۇر
شۇ يۇرتتا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، باشقا بىر يۇرتقا
سەپەر قىپتۇ» (149 ـ بەت)، «ھەي باتۇر، سىزنى كۈتۈپ
تۇرغىلى ئۈچ يىل بولغانىدى» (150 ـ بەت)، «ئارىدىن
ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ»، «ئۇ شۇ ئۇچقىنچە ئۈچ ئاي ئۇ
چۈپتۇ» (151 ـ بەت)، «ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بىھوش
يېتىپ»، «ئۈچ يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى چۈشى-
دە كۆرىدىكەن» (152 ـ بەت)، «مەلىكىنى ساقلايدىغان
3000 تاللانغان نۆكىرىم، 40 باتۇرۇم بار. بۇ باتۇرلارنىڭ
ھەر بىرى 3000 ئادەمگە تېتىيدۇ» (153 ـ بەت)، «ئۈچ
بادرات رودۇپاي تاز بار بولۇپ...»، «مەڭكۈ باتۇر ئاشۇ
ئۈچ بادرات تازغا ئۇچراپ قاپتۇ» (156 ـ بەت)، «بۇنىڭ
ئۈچ مۇھىم نەرسىسى بار ئىكەن» (157 ـ بەت)، «ئۈچىن-
چى بادرات مەڭكۈ باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى يېنىدا
قويۇپ، بېلىق پىشۇرۇۋاتقۇدەك»، «بادراتنىڭ كەينى ـ
كەينىدىن ئۇرۇلغان ئۈچ قېتىملىق گۈرزىسىنى قايتۇرۇپ-
تۇ» (158 ـ بەت)، «بۇ يىلان ئۈچ كۈن يول يۇرۇپتۇ»
(162 ـ بەت)، «توي ئۈچ ئاي داۋام قىپتۇ. ئۈچ ئاي ئى-
چىدە قىز بىلەن ئوغۇل سەدىقە ئۈچۈن ھارۋىلارغا ئالتۇن ـ
كۈمۈش، مەرۋايىت، زىلچا گىلەم، كىيىم ـ كېچەك سېلىپ
يۇرتمۇيۇرت، يېزىمۇ يېزىدىكى جېنىنى باقالمىغان تۇل
خوتۇن، يېتىم باللارغا بېشىدىن ئۆرۈپ بېرىپتۇ»،
«مەڭكۈ باتۇرنىڭ ئەسكەرلىرى قىرىلىپ ئۈچ سەركەردى-
سى بىلەن ئۆزىلا قاپتۇ» (163 ـ بەت)، «پۇقراچە ياسىنىپ
ئۈچ تۇزاقنى ئېلىپ...» (164 ـ بەت)، «بىر قېرى بوۋاي-
نىڭ دۇمبىسىدە ئۈچ تۇزاق، قولىدا بىر خەنجەر پىچاق
تۇرغۇدەك» (165 ـ بەت)، «ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بادرات
تازنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى قىرىپ ـ چېپىپ تۆكتىپ، شە-
ھەرگە بېسىپ كىرىپتۇ» (166 ـ بەت)، «ئۇ يەردىمۇ ئۈچ
كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلىپ شەھەرنى ئازاد
قىپتۇ»، «ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى ئۈچ ئايلىق يولنىڭ
ھەممىسىگە گىلەم سېلىپ سىڭىللىرىنى ئۇزىتىپتۇ»، «ئۇ
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئوۋ ئوۋلاپتۇ» (169 ـ بەت)، «ئۇ
13 تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۈچ گەز توپىنىڭ تې-
گىگە كىرىپ كېتىپتۇ» (170 ـ بەت)، «ئۈچىنچى قېتىم
مەڭكۈ باتۇر يەنە كۈھقاپنىڭ تۇمەيدان دېگەن يېرىگە
بېرىپ...»، «ئۇ بىر تىنسا ئۈچ كۈنلۈك يەردىكى نەرسى-
لەرنى ئىچىگە يۇتۇپ ـ پۇركۈپ تۇرىدىكەن»، «مەن
چۈشسەم ئۈچ كۈندە چىقىمەن، ئۈچ كۈندە چىقمىسام
ئۈچ ئايدا چىقىمەن، ئۈچ ئايدا چىقمىسام مەڭكۈ باتۇر
ئۆلۈپتۇ، دەپ قايتىپ بېرىپ باللچاقامغا بۇ خەۋەرنى يەت-
كۈزەمسىتىن...»، «مەڭكۈ باتۇر 300 غۇلاچ چۇلۋۇر ئەش-
تۇرۇپ، ئۇنى بېلىگە باغلاپ غار ئىچىگە سىيرىلىپ چۈ-
شۈشكە باشلاپتۇ» (171 ـ بەت)، «ئۇلار ئۈچ ئاي جەڭ
قىلىپ لەكمىڭ ـ لەكمىڭ ئالتە قۇلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ
ئاخىر بىر ئالتۇن ئوردىغا كېلىپ قاپتۇ» (172 ـ بەت)،
«نىزناي»: «بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى بار بولۇپ،
ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن» (179 ـ بەت)،
«ئۈچ قىزنىڭ توينى بىر كۈندە قىلىپ بېرىپتۇ» (180 ـ
بەت)، «يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوتتۇرانچى ئاچامغا...»
(181 ـ بەت)، «ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن ئۈچ تال تاسما
تىلىۋېلىپ» (182 ـ بەت)، «بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۆشىنى يېگۈسى كېلىپ قېلىپ، ئۈچ كۈيۈ ئوغلىنى چاقىرىپ...»، «ئۈچىمىز تۇغقان ئەمەسمۇ»، «ئىنىزنايىغا 30 دانە ياۋا تۆگە ئۇچراپتۇ»، «30 تۆگە بىر پاي ئوقتا ئۆلگەيسەن، لېكىن ئىچ ـ قارنى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق بولغايسەن! دەپلا ئوق ئۈزۈپتىكەن، 30 تۆگە بىر پاي ئوقتا يىقىلىپتۇ»، «قارىسا 30 تۆگە يەر بېغىرلاپ ياتقان...» (183 ـ بەت)، «بۇ 30 تۆگىنىڭ گۆشىدىن ئالالىغانلىرىنى ئېلىپ..»، «ئىككىسى 30 تۆگىنىڭ كاللا ـ زاسۇيىنى باغقا توشۇپ ئەكىلىۋاپتۇ» (184 ـ بەت)، «سىز بىزنى شىكارغا ئەۋەتكەندە مەن 30 تۇياق تۆگە ئاتتىم» (185 ـ بەت)، «كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش»: «بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ»، «بىر كۈنى نىزناي پادىشاھ ئۈچ ئوغلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ...» (186 ـ بەت)، «توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن»، «ئۈچىنچى كۈنى ئوقنىڭ ئۇچى تولۇق داتلىشىپتۇ» (189 ـ بەت)، «ئۈچىنچى كۈنى مەلىكە ھېرىپ قاپتۇ»، «بەرنى تېغى ئىچىدە بۇلار 30 كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن»، «بۇ بەرنى تېغى ئىچىدە 30 كۈن ماڭىمىز»، «30 كۈنمۇ بوپتۇ» (191 ـ بەت)، «بىز بىر ئاي تاغدا ئۈچ ئاي تۈزلەڭلىكتە ماڭىمىز»، «ئۇلار مەلىكىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاي تاغدا، ئۈچ ئاي تۈزلەڭلىكتە مېڭىپ، تۆت ئايدا تەبى تېغىغا بېرىپتۇ» (192 ـ بەت)، «ۋاپادار خوتۇن»: «ئۈچ كۈن ئويناپ، يەتتە كۈن تويلاپ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ»، «كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى چوڭ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ چۈشۈپتۇ» (193 ـ بەت)، «بىر بولسا ئۈچ كۈن، بىر بولسا ئۈچ ئاي، بىر بولسا ئۈچ يىل ماڭسىڭىز مېنى چوقۇم تاپىسىز» (194 ـ بەت)، «ئاردىن ئۈچ كۈن، ئۈچ ئاي، ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپتۇ»، «گۈزەل ئايالىدىن ئايرىلغان يىگىت يىغلاپ ـ قاقشاپ ھوشىدىن كېتىپ، ئۈچ كۈن يېتىپتۇ»، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ، ئۈچ ئاي مېڭىپتۇ، ئۈچ يىل مېڭىپتۇ»، «ئۈچ يىل بولغاندا ئەقىللىق قىز...»، «مەن سىزنى ئۈچ يىلدىن بېرى كۈلدۈرەلمىسەم..» (195 ـ بەت)، «ئۈچ كۈن بىھوش بولۇپ يېتىشىپتۇ. يۇرت ئەھلى بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتۈن يۇرتقا ئۈچ كۈن چاي بېرىپتۇ» (196 ـ بەت)، «قاراخان پادىشاھ ۋە ئايگۈل قىز»: «ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ قىزغا يېتىشىپتۇ»، «ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يېڭىپتۇ»، «شەھەرگە ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا لەشكەرلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپتۇ» (199 ـ بەت)، «ئادىل سوراق»: «بىز ئۈچ خىل چەك يازايلى»، «ئۈچىنچىسى ياقا ـ يۇرتتىن بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل چەكنى تاشلاپتۇ. پادىشاھ خۇدانى سېغىنىپ بىر چەكنى ئېلىپ قارىسا، ئۈچىنچى چەك چىقىپ قاپتۇ» (202 ـ بەت)، «شۇنىڭ بىلەن شاھزادىلەر بۇ ئۈچ ئادەمنى دەرھال دېھقاندىن ئەپۇ سوراشقا بۇيرۇپتۇ» (205 ـ بەت)، «پىخسىق باي ۋە ئەقىللىق پادىچى يىگىت»: «مەن ئۆزلىرىنى چوڭ بىلىپ ئالدىلىرىغا 300 قوي سوراپ كەلدىم»، «ئۇ يىگىتكە قىممەت باھادا 300 قوي سېتىپ بېرىپ..»، «خىللاپ



300 قوي ـ ئۆچكىنى يىگىتكە ھەيدىتىپ قويۇپتۇ» (206 ـ بەت)، «بىر ئايلىق مۆھلەت بىلەن پىخسىق بايدىن 300 قوي، ئۆچكە ئالغاندىم»، «پادىچى يىگىتكە 300 قوينىڭ پۇلىغا تۇشلۇق پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇپتۇ»، «300 قويىنى نېسىگە ئالغاندىم» (207 ـ بەت)، «بىز ئۈچىمىز، قازىخانىدىن بىللە چىقىپ...» (208 ـ بەت). «ئادىل شاھ»: «مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۈچ كۈندىن بۇيان بۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونار دەپ ھەممىمىز چوڭ تەمە بىلەن تۇرۇۋاتىمىز» (214 ـ بەت)، «ئەقىللىق قىز»: «توي بولۇپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندە...»، «مەن سىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگىلى ئۈچ ئاي بولدى» (216 ـ بەت)، «مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ئۈچ كەلىمە سۆزۈم بار» (217 ـ بەت، «مەن ئوغلۇم ماڭغاندىمۇ ئۈچ كەلىمە سۆز قىلغاندىم. سىزگىمۇ شۇ ئۈچ كەلىمە سۆزنى ئېيتاي» (218 ـ بەت)، « — ماڭا ئۈچ كىشىلىك راسلاپ ئەكىر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ناۋاي بۇ ئۆزى بىر تۇرۇپ ئۈچ كىشىلىك تاماق دەۋاتىدۇ، دەپ ئەجەبلىنىپ ئۈچ كىشىلىك تاماق تەييارلاپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كىرىشەگە...»، «سەن ھازىر چىقىپ يەنە ئۈچ كىشىلىك تاماق تەييارلا» (221 ـ بەت)، «ئۇ يەنە ئۈچ كىشىلىك تاماق تەييارلاپ چاكىرىدىن كىرگۈزۈپتۇ»، «ئۈچ كىشىلىك تاماق بۇيرۇدى» (222 ـ بەت)، «بۇ قۇلۇڭ ماڭا ئۈچ كۈنلۈك قۇل بولسۇن»، «مەلىكە ئېرىنى ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن چىقارماپتۇ»، «ھەر ئۈچ كۈندە بىر ئاتنىڭ بېشىچىلىك ئالتۇن بەرسە بۇنىڭ پۇللىرىنى تازا ئالدىغان بولدۇم» (223 ـ بەت)، «مەلىكە نەرە تارتىپ جەڭگە ئاتلىنىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ» (224 ـ بەت)، «ئۈچ كۈن ئۆتكەندە شاھزادىنى قوغلاپ يېتىپ كەپتۇ» (225 ـ بەت)، «ئوغرىلانغان گۆھەر»: «بۇ ئۈچ بالا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ»، «بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنى سەيلە ـ ساياھەتكە ماڭدۇرماقچى بوپتۇ»، «بۇلار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۈچ ياراملىق يورغا ئارغىماققا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ»، «دادام ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ يۇرت ئارىلاپ تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى كۆرسۇن دەپ يولغا سالغاندى» (230 ـ بەت)، «ئەتە 40 ئەركەك قوي سويۇپ بىر بۆلەك مۆتىۋەرلەر بىلەن ئۈچ يىگىتنى قوشۇپ مېھمانغا چاقىرىڭ»، «ئەتىسى ئۈچ ئەركەك قوينى سويۇپ...»، «سورۇندا پەقەت پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئۈچ يىگىتلا قاپتۇ» (231 ـ بەت)، «ئۈچ قاراقچى ئالدىمنى توستى»، «باغۋەننىڭ بېغىغا ئۈچ، تۆتىمىز ئوغرىلىققا كىردۇق»، «ئۈچ قاراقچىنىڭ ئالدىدا بېشىمنى ئېگىپ تۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ قاراقچى ئويلىنىپ قالدى» (232 ـ بەت)، «مېنىڭ ھۇجرامغا ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىم كىرمىسۇن»، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇپ، پادىشاھ ۋە مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ يوللىرىغا راۋان بوپتۇ» (233 ـ بەت).

دېمەك، «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەردىكى مۇقەددەس سان «ئۈچ»كە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى بايانلار بىزنى خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا ئالاقىدار تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىدا)

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلار تەربىيەسىدىكى رولى

ئايپاشا ھېمىت

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان مەزمۇنىنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، ئاجايىپ قىممەتكە ئىگە مەنبەلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بالىلار ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىشىدىغان ژانىر بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەزمۇن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا مول مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ. كىچىكىدە مەزمۇنى چوڭقۇر بولغان چۆچەكلەرنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغان بالا چوڭ بولغاندا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ يارامىلىق بالا بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن «بالىلىرىمىز چۆچەكسىز قالمىسۇن» دېگەن ھايات ھېكمىتىنى يەكۈنلىگەن.

**1. چۆچەكلەر بالىلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم بولۇشىغا ئاساس سالىدۇ.**

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدە «نامەردنىڭ ئۆلۈمى»، «ئەگرى ۋە توغرى»، «مەن ئوبدانمۇ، ئەسكىمۇ؟» قاتارلىق ۋارىيانتلار بىلەن تارقالغان بىر چۆچەك بار بولۇپ، بۇ چۆچەكنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان بالا

قىزىقارلىق ھېكايە لىنىيەسى ئاستىدىكى سەممىي تەربىيەنى — يەنى ئاق كۆڭۈل بولۇش تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ چۆچەكتە مۇنداق ۋەقەلىك ئەكس ئەتكەن: بىللە سەپەرگە چىققان ئاق كۆڭۈل بىلەن ئالا كۆڭۈل يول ئۈستىدە ئالا كۆڭۈلنىڭ پىيادە ھېرىپ كەتكىنىگە رەھمى كەلگەن ئاق كۆڭۈل تۆگىسىنى نۆۋەتلىشىپ مىنىشكە بەرگەندە ئالا كۆڭۈل ئېلىپ قاچقانلىقى، ئاق كۆڭۈل ھېرىپ - ئېچىپ جاڭگال ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئۆيگە كىرسە قازاندا قايناۋاتقان گۆشنى كۆرۈپ، بىر ئىشنى پەملەپ، قىلىشقان پارىڭىدىن يايلاقتا كۆمۈلۈپ ياتقان بىر كومزەك ئالتۇن بارلىقىنى، شەھەردىكى باينىڭ كېسەل قىزىنىڭ كېسىلىنىڭ دەۋاسى ھەم يايلاقتىكى باينىڭ يىلقىسىغا تېگىش قىلغان يولۋاسنىڭ يەنە تېگىش قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر كومزەك ئالتۇننى ئېلىپ، كېسەل قىزنى ساقايتىپ، «ئات ئوغرىسى» يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، باي ئىنئام قىلغان يىلقىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەلگەندە، ئالا كۆڭۈل ئىشنىڭ تېگىنى سوراپ بىلىپ، ئاق كۆڭۈل قىلغاندەك قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ قازاندىكى گۆشتىن يەپ، ئۆگزىگە چىقىپ ياتقاچقا، ئامان قالغان تۈلكە بىلەن بۆرە گۆشنى بىراۋنىڭ يېگىنىنى بىلىپ قېلىپ، ئالا كۆڭۈلنى ئىزدەپ تېپىپ پارە - پارە قىلغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق، ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىنىڭ گەرچە بىر مەھەل زىيان تارتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەت زىيادە ئىشقا ئارىلاشماسلىقى، نەپسىگە بېرىلمەسلىكى، ھەم كىشىگە ياردەم بېرىشكە ھېرىس بولۇشتەك خىسلىتى بىلەن ھەر جايدا پايدا - مەنپەئەتكە نائىل بولىدىغانلىقى؛ ئالا كۆڭۈل كىشىنىڭ بولسا قىلغان ھەر بىر ئىشى زىيىنىغا مېڭىپ، ئۆزىنى- ئۆزى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

**2. چۆچەكلەر بالىلارنى توغرا نىيەتلىك بولۇش تەربىيەسىگە ئىگە قىلىدۇ.**

بالا تەربىيەسى ھەرگىزمۇ سەل قارايدىغان تەربىيە ئەمەس. بالىلاردا يېتىلىدىغان ھەر بىر ئادەت بارا - بارا ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە، ئىش - ھەرىكىتىگە، مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز بالىلىرىمىزنى كىچىكىدىن تارتىپ ئادەم ئۆز نىيىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قاراپ ئىززەت تاپىدىغانلىقى ھەققىدە توختىماي نەزەرىيەۋى چۈشەنچە ئارقىلىق تەربىيە بەرگىنىمىزدىن چۆچەكلەرنىڭ رولىدىن پايدىلانساق ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. «ئالتۇن رەڭلىك ئاي قىز» ناملىق چۆچەك بالىلىرىمىزنى بۇ جەھەتتە مول تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ چۆچەكتە بىر يېتىم قىز تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەپ، بىر بايغا دېدەك بولۇپ ياللىنىپ ئىشلەپ كېيىن رەسىدە بولغاندا باينىڭ قىزىغا كەلگەن ئەلچىلەر دېدەك قىزنى سوراپ، باينىڭ قىزىغا قارىمىغاچقا، باي ئەر - خوتۇن مەسلىھەت بىلەن دېدەك قىزنى جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇۋېتىپ كەلگەچكە يېتىم قىز ئورماندا يالغۇز كەپىدىكى مومايغا ئۇچرىشىپ، موماينىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل قىلغاچقا، يېتىم قىز قايتىش ۋاقتىدا موماي بىر دەريا بويىدىن سېرىق ساندۇق ئېلىپ سوۋغا قىلغانلىقى؛ يېتىم قىز ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، ساندۇقنى ئۆيگە كېلىپ ئاچسا لىق تىللا چىققاچقا، نىيىتى يامان باي دەرھال ئۆز قىزىنى ئېزىقتۇرۇۋەتكەندە، باينىڭ قىزى موماينىڭ خىزمىتىنى غۇدۇراپ يۈرۈپ قول ئۇچىدا قىلغاچقا، قايتىشىدا قارا ساندۇق سوۋغا قىلغانلىقى، ساندۇقنى ئۆيگە كېلىپ ئاچسا ئىچىدىن يىلان، چايان چىققاچقا، يېتىم قىزدىن كىيىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆز قىزىغا بەرمەك بولغىنىنى ئاڭلاپ قالغان يېتىم قىز باغدىكى ئورماننى بويلاپ يۈگۈرۈپ، شۇ يۈگۈرۈشتە قانات چىقىرىپ، كۆككە ئۆرلەپ، ئاخىر كۆكتە ئايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق، ھەر كىشى ئۆز نىيىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، مۇئامىلىسىنىڭ سىلىق، قوپاللىقى ۋە دىيانىتىگە بېقىپ، ياخشىلىققا ماس بەختىيارلىق ۋە سائادەتكە مۇيەسسەر بولسا، يامانلىقى سەۋەبىدىن جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

**3. چۆچەكلەر بالىلاردا كىچىكىدىن ئاتا - ئانىسىنى ئىززەتلەش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشتەك ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سالىدۇ.**

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى «ئاتا - ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بالا» ناملىق چۆچەك بالىلاردا كىچىكىدىن ئاتا - ئانىنى ئىززەتلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى يېتىلدۈرىدىغان تەربىيەۋى رولى چوڭ بولغان چۆچەك بولۇپ، بۇنىڭدا باي بىلەن دېھقاننىڭ تەڭ تۇغۇلغان بالىلىرىدىن دېھقاننىڭ بالىسى ياخشى ئوقۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇستازىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەدەپ ـ ئەخ-
لاقلىق، ۋاپالىق چوڭ بولغانلىقى، باينىڭ بالىسى ئەك-
سىچە بولغانلىقى، تاسادىپىي ھالدا خۇدانىڭ غەزىپىگە
ئۇچرىغان دېھقان ئەر ـ خوتۇن توڭگۇزغا ئايلىنىپ
كەتكەندە جىمى كىشى يىرگەنسە، بالا يىرگەنمەي،
نەچچە يىل باقسا، بىر پۇرسەتتە بايمۇ توڭگۇزغا ئايـ-
لانسا بالىسى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى، دېھقان-
نىڭ تۇۋىسى، بالىسىنىڭ زارى ۋە باينىڭ بالىسىنىڭ قى-
لىقى سەۋەبلىك دېھقان ھەم بايلار ئەسلىگە كېلىپ،
باينىڭ بالىسى توڭگۇزغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدەك ۋە-
قەلىك ئارقىلىق، ھەر كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزد-
گە ئەڭ قەدىرلىك ھەم يېقىملىق ئىكەنلىكى؛ بەتبەش-
رە، كۆرۈمسىز، نامرات ياكى كېسەل مېيىپ بولسىمۇ
يەنىلا باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەزىز بىلىنىدىغانلى-
قى، ئاخىرەتتىكى جەننەتنىڭ دەل ئاتا ـ ئانا خىزمىتىنى
قىلىش يولى بىلەن نېسىپ بولىدىغانلىقى، ئاتا ـ ئانا
خىزمىتىدىن باش تارتقۇچىغا ئەل ۋە تەڭرى قارغىشى
ياغىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

گەرچە بۇ فانتازىيە تۈسىنى ئالغان چۆچەك بول-
سىمۇ، لېكىن بالىلار بۇ چۆچەكنى ئوقۇسا، ئۆزلۈكىدىن
ئاتا ـ ئانا خىزمىتىنى قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالالايدۇ.

**4. چۆچەكلەر بالىلاردا يالغان ئېيتماسلىق، راست سۆزلۈك بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ.**

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىس-
مىدا راستچىللىق ھەققىدىكى مەزمۇن ئەكس ئەتكەن
بولۇپ، بالىلار بۇ خىل چۆچەكلەر بىلەن ئۇچراشسا،
تەبىئىي ھالدا راستچىللىقنىڭ ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكى-
نى بىلىپ يېتەلەيدۇ. «ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغۇچى يى-
گىتنىڭ پادىشاھ بولۇشى» بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ،
بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان ھۆرۈن، شەخ-
سىيەتچى، قارا نىيەت ھابىل بىلەن ئاق كۆڭۈل، سەمى-
مىي، ئىشچان قابىل ئاكا ـ ئۇكا تىرىكچىلىك قىلىپ
يۈرۈپ، قابىل تاپقان 20 تىيىن پۇلغا ئاكىسى ھابىلنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، بىر ئاقساقالدىن «يالغان
سۆزلەپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالغۇچە، راست سۆزلەپ
زىنداندا يات» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى سېتىۋالغانلى-
قى؛ كۆز كېلىپ، ئىككىسى قىشنىڭ غېمىدە ئوۋغا چىق-
قىنىدا ئىككى ئاچا يولغا كېلىپ، ئاكىسى ھابىل ئىنسان-
لار ئىز سالغان يولغا، ئىنىسى ھايۋانلار ئىز سالغان
يولغا ماڭغانلىقى؛ ئويلىمىغان يەردىن قابىل ئۆز يولدا
بىر پىلنىڭ ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇمىدىن شاھزادە سۈپەت
بىر يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە كەينىدىن
يېتىپ كەلگەن شاھزادىنىڭ ئادەملىرىگە راست
سۆزلەپ، راست سۆزى سەۋەبىدىن زىندانغا ياتقانلىقى؛
ھابىل قارشى يولدا قابىلدىن زەربە يېگەن پىلنى مەن
ئۆلتۈردۈم دەپ يالغانچىلىقى سەۋەبىدىن زىنداندا يات-
قانلىقى؛ ھېلىقى يارىلانغان يىگىت ئەسلىي شاھزادە
بولۇپ، ھىندىستان شاھى سوۋغا قىلغان قىممەتلىك
پىلنى مىنىپ سەيلىگە چىققىنىدا ھېلىقى ۋەقەگە ئۇچرى-
غاچقا، شاھزادە ساقىيىپ، ئۆز شەپقەتچىسىنى ئورنىغا
پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپ، يالغانچىلىقتىن زىندانغا تاشلان-
غان ھابىلنى ئەپۇ قىلىپ، باغۋەنگە شاگىرتلىققا بەرگەن-
لىكىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق، ئىنسان ئۈچۈن جان
بېقىپ، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا يېمەكلىك زۆرۈر
بولسا، ھايات كەچۈرۈپ، ياشاش ئۈچۈن ئىلىم، ئەقىل
ـ ھېكمەت زۆرۈرلۈكى؛ راست سۆزلۈك، سەمىمىي
كىشى بىر مەزگىل ناھەقچىلىكنىڭ ئازابىغا دۇچار بول-
سىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشسە،
يالغانچىلىق، كاززاپچىلىقنىڭ بىر مەھەل بازار تاپقاندەك
قىلسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا مەسخىرىلىك ھەم نەپرەتلىك
ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ھەربىر
چۆچەك ئۆزگىچە مەزمۇننى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن
بولۇپ، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ
تۇرىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇ-
چى ئەنە شۇ چۆچەكلەردىن تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەر بىر تەربىيەچى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى بالىلار
تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ بىلىپ، كەلگ
تۈردە تارقىتىشى ۋە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، بالىلارغا قا-
راتمىلىقى يۇقىرى بولغان چۆچەكلەرنى كۆپرەك ئېيتىپ
بېرىش ۋە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

(ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ
ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدىن)









# باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى

قۇربان موللىنىياز

باي ناھىيەسى ــ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي، باياشات، گۆھەر زېمىن. باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز قېزىلما بايلىقمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ، ئاساسەن باي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئەتراپقا شۇنداق قارايدىغان بولساقلا قىزغۇچ، كۆكۈش رەڭلىك تاشتۇز تاغ كۆرۈنىدۇ. ئىگىلىنىشچە باي ناھىيەسىدە خېلى كۆپ جايدا تاشتۇز تاغ بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 100 مېتىرچە، ئۇزۇنلۇقى نەچچە كىلومېتىرغا يېتىدۇ، پۈتۈن ناھىيەنىڭ زاپاس تۇز مىقدارى 134 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر قاچا ـ قۇچا ياساش كەسپى ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخقا ئىگە كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى ۋە ياسىلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ياغاچ قاچا ـ قۇچا ياساش سەنئىتى، مېتال قاچا ـ قۇچا ياساش سەنئىتى، ساپال قاچا ـ قۇچا ياساش سەنئىتى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. باي ناھىيەسىدىكى تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە خاس قىممىتى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ پەقەت باي ناھىيەسىدىلا ساقلىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنى ياساشتا ئەڭ ئاۋال رەڭگى سۈزۈك، ياكى قىزغۇچ، كۆكۈش رەڭلىك ساپ تاشتۇز قاتلىمى تاللىنىپ، قېزىپ ئېلىنىدۇ، قېزىۋېلىنغان تاشتۇز كېسىش ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق تاختا ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق چوڭلۇقتا پارچىلىنىدۇ. ئاندىن قوم چاق ئارقىلىق ئىچى ـ تېشى يونۇلۇپ ياسىماقچى بولغان قاچا ـ قۇچىنىڭ شەكلىگە يېقىنلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىرغۇچ بىلەن تاشتۇز قاچىسىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئويۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سىلىقلىنىدۇ.

تاشتۈز قاچا ـ قۇچا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئادەتتىكى قاچا ـ قۇچىلارنىڭ ھەجمىدە، ھەر خىل شەكىلدە قىرىلىدۇ ۋە چىرايلىق گىرۋەكلەر چىقىرىلىپ، كۆركەم ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنى سىلىقلىغاندىن كېيىن نەپىس بىر خىل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىدۇ. تاشتۈز قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ تۈرى ئادەتتە تاشتۈز لېگەن، تاشتۈز تەخسە، تاشتۈز قاچا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرى ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن ھەر خىل شەكىل، نۇسخا ۋە رەڭلەردىكى تۈرلۈك نەپىس تاشتۈز قاچا ـ قۇچىلار بىر تەرەپتىن كۈندىلىك تۇرمۇشقا لازىملىق ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە تاۋار بۇيۇم ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېستېتىك قىممىتىگە ئىگە گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

باينىڭ تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلارنى كىم ئەڭ ئاۋۋال بايقىغان، ئىشلەتكەن دېگەنلەرنى ھېچكىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە باي ناھىيە باي بازىرىنىڭ تۈز بېشى كەنت 2 ـ مەھەللە گۈرۈپپىسىدىكى 50 ياشلىق دېھقان تۇنىياز ھاشىم بوش ۋاقىتلىرىدا، قايسى ئەجدادىدىن باشلاپ ئۆزگە مىراس قالغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر تۇنىياز ھاشىم باي ناھىيەسىدىكى بىردىنبىر تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچا ھۈنەر سەنئىتى ۋارىسى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىما ياردەم تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. تۇنىياز ھاشىم تۈز بېشى كەنتىگە جايلاشقان باي ناھىيەلىك تۈز زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى تەۋەررۈك سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلاشقا، قورۇق مېۋە ـ چېۋە ئېلىپ قويۇشقا، كاۋاپ، پىشۇرۇلغان گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ، تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىغا ئېلىنغان قورۇق مېۋە ـ چېۋە، كاۋاپ، پىشۇرۇلغان گۆشلەر باشقىچە تەملىك بولۇپ كېتىدۇ.

تۇنىياز ھاشىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ ئۆيمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىنچىكە، جاپالىق، تەننەرخى يۇقىرى، ئىشلىتىش ئۆمرى قىسقا بولغاچقا، تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنى ئىشلىتىدىغانلار ياكى تەۋەررۈك بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلاپ قويىدىغانلار كۆپ ئەمەسكەن، تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچا ۋارىسلىرى يوق دېيەرلىك ئىكەن، تۇنىياز ھاشىممۇ يېقىن مەزگىلدە تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانماپتۇ، چۈنكى مەھسۇلات بۇيرۇتىدىغانلار يوق ئىكەن.

باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى تۇرسۇن مۇسا (ھېكىم) ئەپەندى مۇنداق دېدى: تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى ھۈنەر سەنئىتى پەقەت باي ناھىيەسىدىلا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، بىز قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋارىسلارنى تەربىيەلەپ، باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىقىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى گەرچە يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ. باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ بېكىتىلدى.

تاشتۈز — تاشتۈز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق خام ماتېرىيالى بولۇپ، باي ناھىيە باي بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئېگىز چوقچىيىپ، نەچچە چاقىرىمغا سوزۇلغان قىرغۇچ، كۆكۈش رەڭلىك تۈز تاغ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. «باي تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەر بار: «بۇ جايدىكى ئاساسلىق تاشتۈز كاندىكى كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىردىن، كەڭلىكى 600 مېتىردىن، قېلىنلىقى 80 مېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئېللىپىس شەكىللىك كىچىك تۈز تاغنى شەكىللەندۈرگەن، كان تاشلىرىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى لاي شېغىل، كاللەكسىمان تاشتۈز ۋە



ئۇۋاق تاشتۇزدىن تۈزۈلگەن» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تاشتۇزنىڭ خۇددى تاغدىكى باشقا تاشلاردەكلا ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تاغ باغرىدىكى كەنتمۇ بۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تۇز بېشى دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا تۇز تاغنىڭ بېشى دېگەن مەنىدە.

باي ناھىيەسىنىڭ باي بازىرى تۇز بېشى كەنتىدىكى تۇز تاغدا 1972 ـ يىلى قۇرۇلغان بىر تۇز زاۋۇتى بار بولۇپ، يىللىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 5000 توننا ئەتراپىدا، ئىشلەپچىقىرىلغان تۇزنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، باي ناھىيەلىك تۇز زاۋۇتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا بۇ يەردىكى تۇز كانىنىڭ 1000 يىلدىن ئارتۇق قېزىلىش تارىخى بار ئىدى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى كەڭ ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، پەقەت مۇھىم تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ياكى ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان چاغلاردىلا ئىشلىتىلگەن، چۈنكى تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرى ناھايىتى ئاسانلا ئېرىپ تۈگەپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۆمرى ناھايىتى قىسقا، ئاۋايلاپ ئىشلەتمىسە تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ دىۋارى تېزلا تېشىلىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچىلىرىنى ياساشقا ۋاقىت ھەم ئەمگەك كۆپ كېتىدىغان بولغاچقا، باھاسىمۇ تەبىئىيلا قىممەت بولغانلىقتىن، ئادەتتىكى پۇقرالار ئىشلىتەلمەيدىكەن.

باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتا دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. مەركەز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشتا سىياسەت جەھەتتىن قوللاش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەبلەغ بىلەن ياردەم بېرىش ئارقىلىق يار ـ يۆلەك بولماقتا.

زامان ھەرقانچە تەرەققىي قىلغاندىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە بىۋاستە پايدىلىق بولۇش، گۈزەل سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن بارغانسېرى ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. شۇڭا بىز قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزدىكى ئېسىل تۈرلەرنى جۈملىدىن باي ناھىيەسىنىڭ تاشتۇز ئويما قاچا ـ قۇچا ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: باي ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا كۆل مەدەنىيىتى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ئاپتونوم رايونىمىز تىپىك قۇرغاق رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ. دەريالارنىڭ كۆپ قىسمى پەسىللىك دەريالار، يازدا كېلىدىغان قار سۈيىنى ئاساسلىق پايدىلىنىش مەنبەسى قىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئاھالىلەر دەريا - ئۆستەڭلەردىن يىراقراق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان. قىش، ئەتىياز كۈنلىرى سۇ مەسىلىسى تولىمۇ قىيىن. ئاھالىلەر تارقاق بولغاچقا ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دەريا - ئۆستەڭلەردىن سۇ ئەكىلىپ ئىچىشى تەسكە توختىغان. خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆل كولىغان. بۇ كۆللەر ھەممە بازار، يېزا - كەنت، مەھەللە، شەخسلەرنىڭ ھويلىلىرىغا قەدەر كەڭ تارقالغان. كۆللەر ئاساسلىقى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە يول بويلىرى، كوچا دوقمۇشلىرى، مەسچىت، مەكتەپ ئەترابى، دەڭ، ساراي ئەتراپلىرىنى ئاساس قىلىپ كولانغان. بۇ ئارقىلىق ھەممە ئادەم، چارۋىلارنىڭ خاتىرجەم سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان. تۆۋەندە كۆلنىڭ تۈرلىرى، كۆل كولاش ئۇسۇللىرى ۋە كۆلگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز.

## كۆل كولىنىدىغان جاينى تاللاش

كۆل كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كولىنىدىغان بولغاچقا، ئاساسلىقى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى، كوچا دوقمۇشى، بازار ئىچى، مەسچىت، دەڭ، ساراي ئەتراپلىرىنى تاللاپ كۆل كولىغان. كۆل كولىنىدىغان ئورۇن شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر بولغاچقا، ئاۋۋال شەخسلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا توغرا كەلگەن. شەخسلەر كۆلنىڭ رولى، ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن يەرلىرىنى ھەقسىز ئىئانە قىلغان. كۆل كولىنىپ

جامائەت تۇرمۇشى، سۇ ئىچىشى ئاسانلاشقاندىن كېيىن كۆل كولاش قىزغىنلىقى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن شۇ يۇرتتىكى باي ـ تۆرىلەر، ئەمەلدارلار، دىن مۆتىۋەرلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئەتراپىغا كۆل كولىتىپ ئەتراپىنى قاشالاپ، شەخسىي پايدىلانغان. كۆلنىڭ ھەجمىگە كەلسەك، جامائەت كۆپرەك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنغا ئورنى ئون مو، چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر ئەتراپىدا قىلىپ كۆللەر كولانغان. بەزى كۆللەر بولسا شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە بەزى كۆللەر چوڭراق، بەزى كۆللەر كىچىكرەك كولانغان. بولۇپمۇ بازار ئىچىگە كولانغان نۇرغۇن كۆللەرگە ياز ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىم سۇ تولدۇرۇۋالسا كېلەر يىلى ياز ئوتتۇرىسىغىچە ئىچىشكە يەتكەن. كىشىلەر كۆلنىڭ رولىنى چۈشەنگەنسېرى بىر قىسىم پۇلى، ئەمگەك كۈچى بار ساخاۋەتچىلەر ئۆتەڭ، يول بويلىرى، مەسچىت، مەكتەپ ئەتراپلىرىغا كۆل كولاپ يولدىن ئۆتكەن يولۇچى، سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بەزى ئۆستەڭلەر شۇ سەۋەبتىن ئاۋاتلىشىپ كىچىك بازار، كەنت ـ مەھەللىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، ھازىر چوڭ يول بويلىرىدىكى يېزا ـ كەنت، مەھەللىلەر شۇنىڭ تىپىك مىسالى.

## كۆل كولاش ئۇسۇلى

كۆل كولىنىدىغان يەر بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆل كولاشنىڭ تەييارلىقى ئىشلىنىدۇ. كۆل كولاشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى خالىس ئەمگەككە قاتنىشىدۇ. كۈچى بارلار كۈچ، كۈچى يوقلار پۇل چىقىرىدۇ. ھەممە ئىش خالىس بولىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكىلەر قاتناشقاندىن سىرت، كۆل كولانغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئەمگەككە قاتنىشىدۇ. كىم قانچە كۆپ كۆل كولاش ئەمگىكىگە قاتناشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېچكىم ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى مۇشۇنداق بىر خالىس ئەمگەككە قاتناشقانلىقىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولىدۇ. ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە، بەختلىك ھېس قىلىدۇ. قانچە كۆپ كۈچ چىقارغانلار شۇنچە خۇشال بۇلىدۇ.

## كۆلگە سۇ تولدۇرۇش ئۇسۇلى

كۆل كولىنىپ بولغاندىن كېيىن سۇ تولدۇرۇلىدۇ. كۆل توشقاندىن كېيىن كۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن بىر قىسىم سۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاساسلىقى سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ كەلگەن ئەخلەت، چاۋار، غازاڭ... دېگەندەك سۇنىڭ پاكىزلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان نەرسىلەر سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ. كۆلگە ھەر قېتىم سۇ تولدۇرۇش ئالدىدا كۆلگە سۇ كېلىدىغان ئېرىق باشتىن ـ ئاخىر تازىلىنىدۇ.

## كۆل سۈيىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش

كۆل كولىنىپ بولغاندىن كېيىنلا كۆلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلىتىپ ئېگىز تام قوپۇرىدۇ ياكى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قېلىن قىلىپ قاشالايدۇ. پەقەت بىرلا ئورۇندىن كىچىك ئىشىك قويىدۇ. سۇ ئالىدىغانلار ئاشۇ ئىشىكتىن كىرىپ سۇ ئالىدۇ. خالىغان ئورۇندىن سۇ ئېلىشقا بولمايدۇ، بەزى كۆللەردە مەخسۇس سۇ ئېلىش قاچىسىنى قويۇپ قويىدۇ. ھايۋانلارنى سۇغۇرۇشقا توغرا كەلسە، كۆلنىڭ سىرتىدا ھايۋانلارنى سۇغۇرىدىغانلار كۆلدىن سۇنى قاچا بىلەن ئېلىپ چىقىپ ئۇلاغقا تۆكۈپ سۇغۇرىدۇ. ھايۋانلارنى كۆلدە بىۋاستە سۇغۇرمايدۇ. كۆل سۈيىنىڭ پاكىزلىقىغا ھەممە ئادەم ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەقلىنى بۇلغاش گۇناھ دەپ قارايدۇ.

## كۆل ئەتراپىغا دەرەخ تىكىش

كۆل سۈيى ياز كۈنلىرى ئىسسىپ قالىدۇ ھەم ھەر خىل ھاشاراتلار تۇپەيلىدىن كۆل سۈيى بىر مەزگىلدىن كېيىن سېسىپ قالىدۇ. بۇنداق سۇنى ئىچكەندە ئادەمنىڭ ئاسانلا قورسىقى ئاغرىيدۇ. باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇ مەسىلىنىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان. كۆل كولىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆلنى بويلاپ ئەتراپىغا قارا سۆگەت كۆچىتى تىكىدۇ. چۈنكى قارا سۆگەت يىلتىزىنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ھەر خىل جاراھەتلەرنى تېز ساقايتىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق رولى بولغاچقا، ئەجداتلىرىمىز كۆل بويىغا قارا سۆگەت كۆچىتى تىكىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، سۇ سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. يەنە كېلىپ قارا سۆگەت ئەتراپىغا شاخلاپ ئۆسىدىغان بولغاچقا، كۆل ئەتراپىغا قارا سۆگەت تىككەندە كۆل سۈيىنىڭ ھاۋادىن بۇلغىنىشتىن، ياز ئوتتۇرىسىدا ئىسسىپ كېتىشىنىڭ، سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا قارا سۆگەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە رولىنى بايقاپ، كۆل بويىغا قارا سۆگەت دەرىخى تىكىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم كۆل بويلىرىدا غايەت زور قارا سۆگەت دەرەخلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دەرەخلەر بۇنداقلا مەقسەتسىز تىكىلگەن بولماستىن، ئۇزاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى باشتىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە- نىڭ يەكۈنى، ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراستىنىڭ نامايەن- دىسى، هازىرمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىدە قارا سۆگەت يىلتىزى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## كۆل چېپىش

كۆلگە بىر مەزگىل سۇ تولدۇرغاندىن كېيىن تىنىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا كۆلنى چېپىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆل چاپقاندىمۇ، كۆل كولىغانغا ئوخشاش ئەر - ئايال، قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم قاتنىشىدۇ. قانچە جاپا- لىق ئىشلىسە، شۇنچە خۇشال بولىدۇ. ھېچكىم ھەق تەلەپ قىلمايدۇ، خالىس ئىشلەيدۇ. كۆل ئادەتتە ئىككى، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چېپىلىدۇ. چاپقاندىمۇ ئەسلىي ھالىتى- گە ئەكلىپ چېپىلىدۇ. تۇنجى قېتىمقىسى كولاش، كېيىنكى قېتىمقىلىرىنى چېپىش دەپ ئاتايدۇ.

يەنە ئىلگىرىكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆل ئەتراپىغا ئورۇن راسلاپ، يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە، ئايدىڭ كېچىلىرىدە ساپ سالقىن ھاۋادىن ھۇزۇرلانغاچ نەغمە - ناۋا، مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئادەتلى- رىمۇ بولغان. ئەپسۇس ھازىر بۇنداق مەنزىرىلەرنى ئۇچ- راتقىلى بولمايدۇ. كۆل بويىغا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسى- مۇ ناھايىتى سالقىن، ساپ، تەبىئىي بولىدۇ، بۇنداق ھاۋا ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

كۆل ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇ- لى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە كۆل ھەققىدە خېلى كۆپ ئۇ- چۇرلارنى قالدۇرغان. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە شەھەر، ناھىيە، يېزا - كەنت مەھەللىلىرىدە كۆل نامى بىلەن ئاتالغان ئورۇنلار ناھايىتى كۆپ. مىسالغا ئالساق، خوتەندە ئاقكۆل، چوڭ كۆل، زىندان كۆل، ھوجدا كۆل، ئوردا كۆل، قوشكۆل، سېغىزكۆل، يۇمىلاق كۆل، ئۇزۇن كۆل، يېڭى كۆل، ئويكۆل، دۆڭكۆل، لايكۆل، سايكۆل، ياركۆل، بۇلۇڭكۆل، مۇكا كۆل، بوستانكۆل، خىنەكۆل، ھويلاكۆل... دېگەندەك كۆل نامى بىلەن ئا- تالغان 100 دىن ئارتۇق يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي، ئورۇنناملىرى بار ئىكەن. قەشقەر تەۋەسىدە قو- مۇشكۆل، غازكۆل، كاماكۆل، غۇجامكۆل، بۇلاقكۆل، تۇ- رۇمتاي كۆل، ياركۆل... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتال- غان يەر - جايلار بار ئىكەن. ئۈرۈمچىدە يېكەنكۆل، تۇزكۆل، تۇرپاندا ئايدىڭكۆل، كارىزكۆل، نەم كۆل، ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان 30 دىن ئارتۇق يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر، ئورۇن ناملىرى بار ئىكەن. ئاقسۇ، قىزىلسۇ، كورلا، ئىلى... قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆل نامى بىلەن ئاتالغان يېزا - كەنت، مەھەللە، يەر - جاي، ئورۇن ناملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئەسلىي بۇ يەرلەردە تە- بىئىي ۋە سۈنئىي بولغان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك كۆللەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەرلەردە كۆل بولمىسا ھەر- گىزمۇ كۆل نامى بىلەن ئاتىلىپ قالمىغان بولاتتى. كۆل مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆل نامى بىلەن ئاتالغان. بىراق كېيىنكى دەۋرلەردە نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردىكى كۆللەر تىندۇرۇپ تاشلانغان، بىراق نامى ساقلىنىپ قالغان. بۇ كۆللەرنىڭ نامىغا قارىغاندا ئۇلارنى مۇنداق تۈرلەر بويىچە پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

## خانلىق كۆللەر

ھەممە يۇرتتا يۇرت سورايدىغان ئەمەلدارلار بولغان. ئۇلارنىڭ خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس ئورنى، ئۆيلىرى بولغان مۇشۇ جايلارغا يېقىن يەرگە كۆل كولانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھەرقايسى ناھىيە بازى- رى، شەھەرلەردە ئوردا كۆل نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ نامىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتى- كى بۇ كۆللەر مەخسۇس ئوردا ئۈچۈن كولانغان، شۇڭا ئوردا كۆل دەپ ئاتالغان، بۇنداق كۆلدىن مەخسۇس ئوردا ئەمەلدارلىرى سۇ ئىچكەن.

## جەمەت كۆللىرى

ئۇيغۇرلاردا جەمەت ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بىر جەمەتنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى مەلۇم ئورۇننى مەركەز قىلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇ سەۋەبتىن بىر جەمەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇننىڭ مەلۇم يېرىگە شۇ جەمەت ئادەملىرى ئورتاق ئىشلىتىدىغان كۆل كولانغان. «غۇجام كۆل، ھوجدا كۆل» دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن يەر - جاي ناملىرى ئەسلىي جەمەت كۆلى كولانغان يەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## جامائەت كۆللىرى

جامائەت كۆلى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچىلارنىڭ ئوتتۇرىسى، كوچا دوقمۇشلىرى، يول بويلى- رىغا كولانغان. بۇنداق كۆللەردىن باي، نامرات، يېقىن - يىراق، ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دېمەي ھەممە ئادەم ئورتاق پايدىلىنىدۇ. كۆل كولاش، كۆل چېپىش ئىشلىرىغى- مۇ ھەممە ئادەم ئورتاق قاتنىشىدۇ. ئۇ كولىكتىپنىڭ

ئورتاق مال ـ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. «بۇلۇڭكۆل، ئاقكۆل، چوڭكۆل، سېغىزكۆل، قوشكۆل، قۇمۇشكۆل، دۆڭكۆل، لايكۆل»... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان يېزا ـ كەنت ـ مەھەللە، يەر، جاي، ئورۇن ناملىرى ئاشۇ جامائەت كۆللىرى جايلاشقان ئورۇنلاردۇر.

### شەخسلەرنىڭ نامىدىكى كۆللەر

بۇرۇن يەر شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا بەزى يەرلىرى كۆپ ئائىلىلەر، باي ئائىلىلەر، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، يۇرت قازى ـ كالانلىرى ئۆز ھويلىسىغا، ئۆيلىرى ئەتراپىغا كۆل كولانغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆللەر شۇ شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان. «تۇرسۇن باينىڭ كۆلى، باقى لوزۇڭنىڭ كۆلى، ئىمىن غوجىنىڭ كۆلى»... دېگەندەك شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن يېزا ـ كەنت، مەھەللە، يەر، جاي، ئورۇن ناملىرى بار. بۇ يەرلەردە ئەسلىدە ئەشۇ شەخسلەرنىڭ نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كۆللىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

### ئۆتەڭ كۆللىرى

خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇزۇن سەپەرلەرنى ھايۋانلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، يول ئازابى بەك جاپالىق بولغان. كارۋانلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مەلۇم جايغا كەلگەندە قونۇشقا مەجبۇر بولغان. مۇشۇنداق شارائىتتا بىر قىسىم پۇلدار خەير ـ ساخاۋەتچىلەر يول، ئۆتەڭ بويلىرىغا كۆل كولىتىپ قويغان. ھازىر يېزا ـ كەنت، مەھەللە، يەر، جاي، ئورۇن ناملىرى ئىچىدە «يېڭىكۆل، يېكەنكۆل، سايكۆل، تاشكۆل، لەڭگەر كۆل، ئۆتەڭ كۆل...» دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن ئورۇنلار بار. ئەسلى بۇ يەرلەرنىڭ بىر ئۆتەڭ، كارۋانلارنىڭ قونۇپ ئۆتىدىغان يول بويىدىكى كىچىك مەھەللە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قەدىمىي يىپەك يولى، ھازىر دۆلەت تاشيولى بويىغا جايلاشقان بەزى كىچىك كەنت ـ يېزىلارنىڭ ئەسلى بىر ئۆتەڭ، يەنى كارۋانلار، يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان كىچىك قونالغۇلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. ھازىر گەرچە ئۇ يەرلەردە كۆل مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسلىدە كۆل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ ناملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

### مەسچىت، مازار كۆللىرى

مەسچىت، مازارلار ئادەملەر كۆپ توپلىشىدىغان جايلار. بۇنداق ئورۇنلاردا كۆل بولمىسا زادى بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز مەسچىت، مازار ئەتراپلىرىغىمۇ كۆل كولاپ ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ئاسانلاشتۇرغان. ھازىر «مازاركۆل، دۆڭ مەسچىت كۆلى، چاسا مەسچىت كۆلى...» دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن يەر، جاي ناملىرى ئەسلىي مەسچىت، مازار، كۆللەر مەۋجۇت بولغان يەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسچىت، مازار ئەتراپىغا كولانغان كۆللەرنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

### دەڭ، ساراي ئەتراپىغا كولانغان كۆللەر

مېھمانخانىلار، بېكەتلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. بۇرۇن چوڭ ـ كىچىك ھەممە بازارلاردا كارۋانلارنى، يولۇچىلارنى قوندۇرىدىغان دەڭ، سارايلار بولغان. سارايلاردا يولۇچى، كارۋانلار قونسا، دەڭدە ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرى سولاپ بېقىلغان. مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى ھايۋان بولسۇن سۇ ئىچىش زۆرۈر بولغاچقا، بۇنداق دەڭ، سارايلار ئەتراپىدا چوقۇم كۆل بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا دەڭ، ساراي ئىگىلىرى بازار ئەتراپىدىن كۆپرەك يەر سېتىۋېلىپ ئاتخانا، پىچان ـ سامانخانا، مېھمانخانا، ئاشخانا، كۆل بىر گەۋدىلەشكەن دەڭ، سارايلارنى بەرپا قىلغان. بۇنداق دەڭ، سارايلار تاكى يېقىنقى زامانغا قەدەر كارۋان، يولۇچى، سەپەرچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى. ھازىرقى زامان قاتناش قوراللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، مېھمانخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى سەۋەبلىك نەچچە مىڭ يىللار خەلق تۇرمۇشىغا ياندىشىپ كەلگەن دەڭ، سارايلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆللەرمۇ تىندۇرۇلۇپ ئورنىغا بىنالار سېلىندى. بىراق كۆل نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بىر قىسىم دەڭ، ساراي ناملىرى ھازىرمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي كەلمەكتە. بۇنىڭدىن ئەسلىدە ھەممە شەھەر، ناھىيە، يېزا ـ بازارلىرىدا ئاشۇنداق دەڭ، ساراي، كۆل بىرلەشكەن ئورۇنلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سۇ تۇرۇبىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن بولسىمۇ، چەت تاغلىق تۇرۇبا ئاپىرىش مۇمكىن بولمايدىغان يەنە بىر قىسىم ئاھالىلەر ھېلىھەم كۆل سۈيى بىلەن تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتىدۇ. سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرگىنىگە تېخى ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىدى. كۆل بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولغان. شۇ جەريانىدا خەلقىمىز ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەنگەن. ئاز بولمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارتقان. ئەمما كۆل كولاپ سۇ تولدۇرۇپ ئىچىشتىن بۆلەك ياخشىراق ئامالنى تاپالمىغان. ھەتتا لوپنۇر كۆلى، سايرام كۆلى، باغراش كۆلى، ئىبنۇر كۆلى... دېگەندەك تەبىئىي كۆللەر ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاز بىر قىسىم ئاھالىلەرمۇ پاكىز، تاتلىق سۇ ئىچىش، جاپانى ئازراق تارتىش ئۈچۈن ئۆيى ئەتراپىغا سۇنئىي كۆللەرنى كولاپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بولۇپمۇ سۇ ئىزچىل كەمچىل بولۇپ كەلگەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىلىرى كۆل سۈيىنىمۇ ۋاقتىدا تېپىپ ئىچەلمەي مۇشكۈل جاپالارنى تارتقان. كۆلگە سۇ باشلاش ئۈچۈن، نەچچە يۈز ئادەم تاغ- ئېدىرلاردا سۇ ئىزدىگەن. بۇلاقلارنىڭ ئېغىزىنى چوڭايتىپ كولاپ باققان. ھېچ ئامال بولمىغاندا قار- مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىپ باققان. سۇ قوغلاپ يۇرت- ماكانلىرىنى تاشلاپ تاغ باغرىلىرىغا كۆچۈپ بارغان. مۇشۇ جەرياندا كۆلنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى رولىنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن. شۇ جەرياندا كۆل سۈيىنىڭ پاكىزلىقىنى ئاسرايدىغان، كۆلنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئامال، ئۇسۇل- چارىلەرنى تېپىپ چىققان. كۆل سۈيىدىن ھەممە ئادەم ئورتاق پايدىلانغان، ھېچكىم شەخسىيەتچىلىك قىلمىغان. كۆلگە سۇ باشلاش، كۆلنى قايتىدىن چېپىش، قاشالاش ئىشلىرىدا كوللېكتىپ كۈچ چىقارغان. باي- نامرات، كۈچلۈك- ئاجىز، سېنىڭ- مېنىڭ دەپ ئايرىلمىغان. بىر قىسىم خەير- ساخاۋەتچى بايلار تۆگە، كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ، كۆل كولاشقا قاتناشقان بارلىق ئادەملەرنى غىزالاندۇرغان. يۇرت- مەھەللە، ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق سۈرۈشتە قىلمىغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا كۆل كوللېكتىپنىڭ ئىناقلىقىنى، ئىتتىپاقلىقىنى، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان. ئىنسانلارنىڭ مېھىر- مۇھەببەت، خەير- ساخاۋەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. كوللېكتىپنىڭ كۈچىنىڭ غايەت زورلۇقىنى ھېس قىلدۇرغان. چۈنكى يېقىنغىچە مەۋجۇت بولغان بەزى كۆللەرنىڭ چوڭلۇقى ھەم چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئادەم كۈچى بىلەن كولانغان سۈنئىي كۆل ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. كۆل خەلق تۇرمۇشىدا شۇنچە مۇھىم بولغىنى ئۈچۈن، خەلقىمۇ كۆلگە شۇنچە مېھىر- مۇھەببەت بىلەن ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىنىڭ ئالدى- كەينىدە يۇرتىمىزدا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بىر نەچچە كۆل بار ئىدى. بۇ كۆللەر ھەققىدە تارقالغان رىۋايەتلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. پېشقەدەملەردىن ئىگىلىشىمچە، بۇ كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە كولانغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ئۇ كۆللەرنىڭ كولانغانلىقىغا 500 يىلدىن ئاشقان بولىدىكەن. بەزى كۆللەرنىڭ تارىخى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق. بەزى كۆللەرنىڭ تارىخى قىسقا ئىكەن. ئۇزاق مۇددەت كۆچۈشتىن، قۇم- بوران ئاپىتىدىن، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ساقلانغان كۆلنى دائىم چېپىپ تۇرغان كەنت- مەھەللىلەردىكى كۆللەرنىڭ تارىخى ئۇزاق بولىدىكەن. بەزى كۆللەر يېڭىدىن كولىنىپ تۇرىدىكەن، ئەمما كۆل يوق ناھىيە، يېزا- كەنت، مەھەللە ئاساسەن يوق ئىكەن.

كۆلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا يانداشقان تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، ئوينىغان رولىنىڭ مۇھىملىقى، كوللېكتىۋىزملىق روھ يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولغانلىقىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا كۆلگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماقال- تەمسىل، قوشاق ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. «كۆلنىڭ سۈيى كۆلچەككە سىغماس، ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر، كۆلدە پاقىنىڭ ئىزى يوق، تاما- تاما كۆل تولار، كۆل سۈيى داۋالغۇماس، كۆلنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش...» ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى ئىچىدە بۇ خىل مەزمۇندىكى ماقال- تەمسىللەر خېلى كۆپ. خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا كۆل مەزمۇن قىلىنغان ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ھاڭغىرت كۆلى» ناملىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن سۇ تۇرۇبىلىرى ئائىلىلەرگىچە كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كولانغان كۆللەر ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئەمما چەت، تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بىر قىسىم ئاھالىلەر ھېلىھەم كۆل سۈيى ئىچىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يەنە بىر مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. شەھەر، بازارلاردا كولانغان كۆللەرنىڭ تىندۇرۇۋېتىلگەنلىكىگە خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەھرالاردا بىر قىسىم كۆللەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، چارۋىسى كۆپ بىر قىسىم ئائىلىلەر يەنە يېڭىدىن كۆل كولاپ چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# پىرىجە رىۋايىتى

مەتسەئىدى مەتقاسىم



پىرىجە كىرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىم كىيىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. ئۇ «پىرىچە»، «پىرخانچە»، «پەردىچە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر ئېيتقاندەك «پىرخونچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. كېرىيەنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زات سىدىق ھاجى 1989-يىلى 10-ئايدا ماڭا «پىرىجە رىۋايىتى»نى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئىلگىرى تەكلىماكاندا قارلۇق دېگەن بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەردە پىرخان ئىسىملىك بىر ساھىبجامال بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇ چىگە ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل رەڭلىك كىيىملەرنى يۇلغۇن يىڭنە بىلەن تىكىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا گۈل-گىياھلارنى كەشتىلەيدىكەن. ئاۋام پىرخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرىگە بەكمۇ قايىل ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قارا رەڭلىك ئۇزۇن بىر ئېگىنگە يەتتە تال يېشىل پەۋاز چىقىرىپ كىيىپتۇ ۋە توي مۇراسىمغا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەھلى خالايىق پىرخاننىڭ ئېگىنى ۋە گۈزەللىكىدىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قېتىپلا قاپتۇ. نۇرغۇن ئاياللار ئۇنىڭدەك گۈزەل بولۇشنى ئارزۇلاپ كېچىلىرى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان پىرخان ئەتراپىدىكى ئاياللارغا بۇ خىل ئېگىننى تىكىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆگىتىپتۇ. بۇنى كىيگەن قارلۇق ئاياللىرى ئۆزلىرىنى پىرخانغا ئوخشىتىپتۇ ۋە ئۇ تىكىپ بەرگەن ئېگىننى «پىرخانچە» ياكى «پىرچە» دەپ ئاتاپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز «پىرچە»، «پىردىچە»، «پىرىجە» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

پىرىجە ئاياللارنى تولىمۇ جەزبىدار ۋە لاتاپەتلىك كۆرسىتىدۇ. ئۇنى كىيگەن ئاياللار ھەقىقەتەنمۇ رىۋايەتتىكى پىرخاندەك گۈزەللىككە تولىدۇ. مەن كېيىنكى چاغلاردا دەريا بويى بوستانلىقىغا ئاران سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان قارادۆڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەسلىدە قارلۇق شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا سىدىق ھاجىم سۆزلەپ بەرگەن «پىرىجە رىۋايىتى»نى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلار بىزگە پەقەت ئاغزاكى رىۋايەت شەكلىدە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدىكى بەزى رىۋايەتلەرنىڭ مەلۇم تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈچ، بەش، يەتتە ۋە توققۇز دېگەن سانلارنى «خاسىيەتلىك سان» قاتارىدا ئۇلۇغلىغان. شۇ يوسۇندا پىرىجىگىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈچ، بەش، يەتتە ياكى توققۇز يايسىمان پەۋاز تۇتۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بەش، يەتتە ۋە توققۇز يايسىمان پەۋاز تۇتۇلغانلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. يايسىمان پەۋازنىڭ كۆك رەڭدە بولۇشى خەلقىمىزنىڭ يېشىللىقنى، ھاياتلىقنى، گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك رەڭ چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلاردا شامانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى

ئادەم ئۆگەر

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئەتراپتىكى قەۋم-قېرىنداشلارنىڭ ئىچكى ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رايونلاردا قوللانغان، «شامان» ياكى «قام» دەپ ئاتالغان، دىنىي زاتلار ۋاستىسى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغان بىر خىل ئېتىقاد ۋە پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان شامانىزم سىبىرىيە خەلقلىرىنىڭ شۇنداقلا شىمالىي ئاسىيا قەۋملىرى، موڭغۇللار ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدە مۇھىم بىر ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىدىن قالغان جادۇگەرلىك، سېھىرگەرلىك، پال ئېچىش ۋە خىلمۇخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قاتارلىقلار تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. شامانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوبۇل قىلغان مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ بىر قىسىم ئېتىقاد ۋە قوللانمىلىرىنى بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇپ ھازىرغىچىلىك داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ماقالىدە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قايسى ناملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى ۋە قايسى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ باھا بېرىلىدۇ.

## 1. ئۇيغۇرلاردا شامانلار

شامان سۆزىنىڭ تۇڭغۇس تىلىدىكى «سامان» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى، تۇڭغۇسلاردا «سامان» ياكى «شامان» سۆزىنىڭ «راھىب» ياكى «سېھىرگەر» مەنىسىدە قوللىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن①. لېكىن «شامان»نىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ۋە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئاتىلىشى پەرقلىق ئىدى. تۈركىي خەلقلەر شامانلىرىنى ئادەتتە قام (گام، خام) دەيدۇ. رادلوفنىڭ قارىشىچە، بۇ ئالتاي، تەلەئۇت، لەبەد، شور، شاگاي، كويبال، كاچ، كۈئەرىك، سويۇن، گۇماندى ۋە ئۇيغۇر شىۋىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. موڭغۇللار، بۇرياتلار ۋە كالمۇكلار ئەر شامانلارنى «بۆ»، «بۆگە»، ياقۇتلار «ئويۇن»، «چۇۋاشلار «يۇم»، قىرغىز ۋە قازاقلار «باقشى»، «باقسى» ياكى «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. ياقۇتلار ۋە ئالتايلار ئايال شامانلارنى موڭغۇلچە «ئۇدۇگان» (ئۇتاخان، ئۇباخان، ئىدۇئان) دەپ ئاتالدى. لېكىن ياقۇتچىدا خامما (قامىلا) «قاملىق قىلىش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ②.

قام «كاھىن، جادۇگەر» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقا «مۇتەخەسسىس دوختۇر، ئالىم، پەيلاسوپ» دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار. قەدىمكى تۈركچە مەنبەلەردە بەزىدە «بۇتپەرەس راھىب» بەزىدە «جادۇگەر» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئېبىرخاردىنىڭ كۆرسىتىشىچە قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە قىرغىزلارنىڭ شامانلارنى «گان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز، بۇ بەلكى «قام»دۇر دەيدۇ. ھەققەتەن رادلوف 11-ئەسىردە خاكاس، قىرغىزلارنىڭ شامانلارنى «قام» دەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. خارۋانىڭ سۆزىچە 13-ئەسىر ياۋروپا سەيياھلىرىدىن ۋ. رۇبرۇكمۇ «سېھىرگەر» مەنىسىدە خام (قام) سۆزىنى خاتىرىلىگەن دەيدۇ ③.

شامانىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قام» دېيىلىدىغانلىقىنى بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئىلاھىي كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە كىشىلەرنى «قام» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر ئەسەردە شامانىزم ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرى بولغان ئەنئەنىۋى داۋالاش ۋە جادۇگەرلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئاباچى»، «ئاباقى»، «ئارۋا»، «ئارۋىش»، «چېۋى»، ئېرك»، «ئىسرىق»، «قام»، «كوۋۇچ»، «ئۆرۈڭ»، «يارىن»، «يەل» ۋە «يەلۋى» قاتارلىق سۆزلەرگىمۇ ئورۇن بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. شامانىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ساماۋى دىنلار بىلەن قوشۇلۇپ

مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن بۇ سۆزلەر ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ «قام» سۆزى تۆۋەندىكى مىسرالاردا مۇنداق قوللىنىلغان:

سەندىدۇر كۆر بۇلارنىڭ دورىسى
داۋالايسەن دورا بىلەن،
سەن ھېكمەتلەرنىڭ ئۇستازى ④.

ئۇيغۇرلاردا «قام» سۆزى «دوختۇر، ئۇستا، تېۋىپ» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە «شامان»نى «قام» ۋە «قامان» دەپ ئاتىغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار «شامان» سۆزىنىڭ ئورنىغا «پېرىخون»، «جىنكەش»، «باخشى» ۋە «داخان» ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىدۇ. «پېرىخون» سۆزىدىكى پەرى «جىن» مەنىسىدە، خان بولسا، «ئوقۇغۇچى، ئوقۇغان، چاقىرىلغان» مەنىسىدە، قىسسەخان، غەزەلخان سۆزلىرىدىكى خان بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىدۇ. پېرىخون سۆزى بىلەن بىرلىكتە «باخشى» («تىلەمچى ۋە سەيياھ بۇددىست راھىبى»؛ 法师 fashi «ھەزرەت، ئەۋلىيا»؛ پالچى)، «داخان» (دۇئا ـ خان «دۇئا بىلەن كېسەل داۋالىغۇچى» دارخان «تۆمۈرچى شامان»)، «جىنكەش»، «موللا»، «بۇۋى» ئاتالغۇلىرىمۇ قوللىنىدۇ. جىنكەش سۆزىدىكى «كەش» قوشۇمچىسى «بېرىلگەن»، «مەپتۇن بولغان» مەنىسىدە بولۇپ، جىنكەش جىنلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان، جىنلارغا مەپتۇن بولغان مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. «پېرىخون»، «باخشى»، «داخان»، «موللا» ۋە «بۇۋى» دەپ ئاتالغان كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە پال ئېچىش يامان روھلارنى قوغلاپ كېسەل داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە «پېرىخون» ياكى «پېرىخونلۇق» بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «جادۇگەر»، «جادۇگەرلىك» مەنىلىرىدە، بەزىلىرى تەرىپىدىن بولسا «شامانلىق» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. گەرچە «شامان» ھەرقايسى مىللەتلەردە ۋە تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئاتالغان بولسىمۇ، «شامان»نىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى ئىچىدىكى ئورنى ئورتاق بىر ھەرىكەت شەكلىدە ساقلىنىپ قېلىنغان.

ئۇيغۇر تەتقىقاتچى راخمان ئابدۇرەھىمنىڭ قارىشىچە، شامانلارنىڭ تەسىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب شامانلاردا ئالاھىدە ۋە سىرلىق بىر كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتۇر. شامانلارنىڭ بۇ خىل كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى بولسا:

1. شامانلاردا ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە يولباشچىلىق قىلىدىغان مازارلىرى ۋە ماشايىخلىرى بار؛

2. شامانلارنىڭ روھلار، جىنلار، دىۋىلەر ۋە پەردىلەر بىلەن ئالاقە قىلالايدىغانلىقىغا ھەممە كېسەل داۋالاش ئۇنۇمىگە شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ.

3. شامانلار روھلارنىڭ ياردىمى بىلەن كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى يامان روھلار ۋە يامان روھلارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇلارغا «قەستنامە»⑤ ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ روھلارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مۇھەببەت ياكى نەپرەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

4. شامانلارنىڭ ھەر خىل ئىنسان ۋە ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن پال ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن شامانلار كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى، بىر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ۋە داۋاسى، ئوغرىلانغان مالنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ۋە كىم تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە مەلۇماتلىق ھەممە كەلگۈسىدىن خەۋەر بەرگۈچىدۇر⑥.

ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالىنىش، قوغدىنىش ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئىستىكى شامانلارنى «خاسىيەتلىك ئىقتىدار»غا ۋە «سىرلىق كۈچ»كە ئىگە قىلغان، شامانلارنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى پسىخولوگىيەلىك كۈچى، ئۇلارنىڭ «قوغدىغۇچى»، «داۋالىغۇچى» ۋە «كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگۈچى» روللىرىنى بۈگۈنگىچە قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئىزاھلاپ بەرمەكتە.

**2. ئۇيغۇرلاردا شامانلىققا دەۋەت ۋە شاماننىڭ تەربىيەلىنىشى**

سىبىرىيە ۋە شەرقىي شىمال ئاسىيادا شامانلارنىڭ ئاساسلىق قوبۇل قىلىنىش يوللىرى «شامانلىقنىڭ نەسلىدىن نەسلىگە قېلىشى» (دادىدىن بالىغا قېلىش) ياكى «ئىچىدىن كەلگەن تۇيغۇ» ۋە ياكى «تاللىنىش» شەكلىدە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي ۋە تۇڭگۇسلاردا قەبىلە باشلىقىنىڭ ئىستىكى بىلەن شامان بولغانلار بار. ئەمما بۇ ئىستەك يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ۋاستىلەر بىلەن

سېلىشتۇرغاندا ئاجىز بىر ئۇسۇلدۇر، قىسقىسى تاللىنىش نامزاتىنىڭ ھوشىنى يوقىتىش تەجرىبىسىگە باغلىق بولىدۇ. ھوشىنى يوقىتالمىسا، ئۆلگەن شامانىنىڭ ئورنىغا چىقماقچى بولغان نامزات شاللىۋېتىلىدۇ. شامان بولىدىغان كىشىگە شامان ئەجدادلىرىنىڭ روھى چاپلىشىپ ئۇنى شامان بولۇشقا زورلايدۇ. بۇنى ئالتايلار «تۆز باسىپ يات» (روھ باسىدۇ) دەيدۇ. ئەجدادلىرىنىڭ روھى چاپلىشىۋالغان كىشى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر شامانلىقنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇرىۋالسا ئۇ كىشى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ⑦.

ئەلىئادە (Eliade)نىڭ قارىشىچە، تاللىنىش ۋاستىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامزاتلار ئىككى جەھەتتىن تەربىيەلىنىش ئارقىلىق شامان بولالايدۇ: ھوشسىزلىنىش سەۋىيەسىنى سىناش (چۈشلەر، ئۆزىنى يوقىتىش، ئەھۋالغا قاراپ كېسەل داۋالاش) ۋە ئەنئەنىلەر بويىچە داۋالاش سەۋىيەسىنى سىناش (شامانلىق تېخنىكىلىرى، روھلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ۋەزىپىلىرى، قەبىلىنىڭ مىتولوگىيىسى ۋە نەسەبى، شىفىرلىق تىل قاتارلىقلار)، روھلار ۋە بۇرۇنقى ئۇستا شامانلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ قوش تەربىيە سىرىنى يېشىشنى تۈگىتىش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

شامانلىق بىر دىنلا پەيدا بولىدۇ. نامزات ئاۋۋال ئىنتايىن چارچايدۇ. بەدىنى قورۇلۇپ تىترەشكە باشلايدۇ ۋە توختىماي ئەسنەيدۇ. نەپسى بوغۇلىدۇ، ئاجايىپ ئاۋازلارنى چىقىرىپ يىغلايدۇ، كۆزلىرى خىرەلىشىدۇ، ئاندىن بىردىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، تەلۋىلەرچە پىرقىراشقا باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ، يەرگە يىقىلىدۇ، بەدىنىمۇ ھېچنېمىنى ھېس قىلمايدۇ. بۇ ئازابلىق ئەھۋال خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر كۈنى نامزات دۇمبىقىنى چېلىشقا باشلايدۇ ۋە تىنچلىنىپ ئەسلىگە قايتىشقا باشلايدۇ⑧.

قاملار مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن بىر تەبىقە ھالىتىدە ئەمەس بەلكى ئۆزى تەۋە بولغان خەلق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلار نېرۋىسى ئاجىزراق، غەلىتىرەك كىشىلەردۇر. ئۇلار كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلمىغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى، تەڭرىلەرنىڭ ھاياتى ۋە شەجەرىسىنى، تەڭرىلەرنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشنى بىلىدۇ. قاملارنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈنلۈكى پەقەت دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەن، تەڭرىلەرنىڭ دۇنياسىغا كىرگەن، ھوشىنى يوقاتقان ۋاقىتلاردا كۆرۈلىدۇ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن باشقا ئىنسانلاردىن ھېچبىر پەرقى قالمايدۇ.

ئۆزىنىڭ تەڭرىلەر تەرىپىدىن تاللانغانلىقىغا ۋە روھلارنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان قاملار تەپەككۇرى كەڭ، سىرلىق ۋە تۇغما ئەقىللىق ئىنسانلاردۇر. ئۇلار تەبىئەتتىكى بەزى سىرلارنى بىلىدۇ. قام بولىدىغان كىشى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىنتايىن خىيالچان بولۇپ، گاھى-گاھىدا ئىچى سىقىلىدۇ، قەلىمى كۈچلۈك شائىر بولۇپ، تەلەپكە بىنائەن شېئىر ئوقۇپ، ئىلاھىي ناخشىلارنى ئېيتىدۇ.

شامانلار ھوشىدىن كەتكەندە روھىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا ۋە يەر ئاستىغا چۈشۈپ جەھەننەمنى



كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شامان تەۋە بولغان قەبىلە ۋە
ئايماقلار ئۇنى قوغدىغۇچىسى دەپ قارايدۇ. ھەممەيلەن
ئۇنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. بولۇپمۇ دىنىي
مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە بىرىنىڭ بەرگەن سۇيى ياكى تۇتۇ-
نىدىن مەمنۇن بولۇپ دۇئا قىلسا، بۇ دۇئانىڭ روھلار تە-
رىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

شامانلىقتا روھنىڭ ئۇچۇشى (ئاسمانغا چىقىشى، يەر
ئاستىغا چۈشۈشى) بىلەن ئۆزىنى يوقىتىش بىرلا ۋاقىتتا
يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتتۇر، شامان ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىن
كەتمەي، ئاچچىقلانغاندا ھايات تۇغقانلىرىغا زىيان يەتكۈزى-
دۇ دەپ سانىغان ئەرۋاھلارنىڭ روھىنى قوغلايدۇ. بەزىلى-
رىنى يەرنىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىگىچە قوغلايدۇ. قۇربانلار-
نى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن قاتمۇقات كۆك يۈزىگە چىقىرى-
دۇ، شامان كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن
روھنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇنى جايىغا ئەكىلىپ قويىدۇ
(كېسەلنى داۋالايدۇ). شۇنداق قىلىپ ئىنسانلارنىڭ روھى
بىلەنمۇ ناھايىتى يېقىن ھالەتنى ساقلايدۇ⑨.

شامان شامانىزمغا ئىشەنگۈچى خەلقلەردە روھلار
بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايى-
دىغان دىنىي زاتتۇر. شامانىزمنىڭ دۇنيا قارىشىدا پۈتۈن
دۇنيا ياخشى ۋە يامان روھلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولى-
دۇ. ئۇلۇغ ۋە ئالاھىدە ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارغا ھەر
خىل يامانلىقلارنى قىلىشقا تەييار تۇرغان يامان روھلار
بىلەن ئالاقە قىلىش قۇدرىتى پەقەتلا شامانلاردا بولىدۇ.
ئىنسانلار روھلارنىڭ قانداق تەبىئەتتە، قانداق خۇيدا بو-
لىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقە قى-
لىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ياخشى كۆرى-
دىغانلىقىنى، قايسى خىل قۇرباندىن مەمنۇن بولىدىغانلىقى-
نى ئۇقمايدۇ. بۇلارنى ئەجدادى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى-
نىڭ روھىدىن قۇۋۋەت ۋە ئىلھام ئالغان شامانلارلا بىلىشى-
كە قادىردۇر. شۇنداقلا بىر تەرەپتىن ياخشى روھلارنىڭ
ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ۋە ياخشى تەسىرلىرىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىلمۇخىل چارە-تەدبىر-
لەرنى قوللىنىپ، يامان روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىشقا پەقەتلا شامانلارنىڭ كۈچى يېتىدۇ، مۇشۇ
مەقسەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي مۇراسىملاردا شامان-
لار روھلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى
ۋە رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارزۇ قىلغان نەتىجىگە ئې-
رىشىشكە تىرىشىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ تاللىنىشى
ۋە تەربىيەلىنىشى تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ.
«روھلار بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەر ئارىسىدىن بىرىنى
تاللاپ، 40 كۈن شاگىرت سۈپىتىدە تەربىيەلەيدۇ ۋە تال-
لانغان كىشى روھلار، ئىلاھلار ۋە جىنلار بىلەن ئالاقە
قىلغۇدەك ئىقتىدارغا يەتكەندە ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، بۇ
40 كۈن شامانلىققا تاللانغان كىشىنىڭ غايىب بولۇپ
كەتكەن ۋاقتى بولۇپ، بۇ 40 كۈن جەريانىدا ئۇ كىشى
پەقەتلا سۈتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق
بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بۇ خىل «جىن ئېلىپ قاچقان» كىشى-
لەر ھېچكىمگە ئارىلاشمايدۇ. ئۇلار روھىي جەھەتتىن بى-
نورمال بولۇپ، قىلىقلىرىمۇ غەلىتە بولىدۇ. ئۇلار پەقەت
شامان بولغاندىن كېيىنلا ئەسلىگە كېلىدۇ. روھلار ئۇلارغا
خارابىلىكلەر، مازارلىقلار ۋە قەبرى دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا
شامانلىق تەربىيەسى ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلاردىن 40 كۈن ئى-
چىدە كۆرگەنلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق، پەقەتلا ئاق
ياكى كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىش، شامان بولغاندىن كېيىن
ئۆزىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يالغۇز دەرەخ-
كە ئاق تۇغ باغلاش، سەيشەنبە، چارشەنبە، شەنبە كۈنلى-
رى كۈن پاتقاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىش ۋە شامانلىق
تەربىيەسى ئالغان يەردە قەرەللىك تۈردە مال قان قىلىشى
تەلەپ قىلىنىدۇ⑩.

ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پائالىيەت-
لىرىدە روھلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. روھلار —
ئىلاھلار، روھلار ۋە دىۋىلەر دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.
ئىلاھلار يەنى تەڭرىلەر ئاسماندا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدا كۆك تەڭرى ئەڭ قۇدرەتلىك بولۇپ، قالغان تەڭرى-
لەر كۆك تەڭرىنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. روھلار خاراكتېرى-
گە ئاساسەن ياخشى روھلار ۋە يامان روھلار دەپ ئىك-
كىگە بۆلۈنىدۇ. شامان روھى، خاقانلارنىڭ روھلىرى،
قەھرىمانلارنىڭ روھى، قەبىلە ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ
روھى ياخشى روھلار كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇپ، بۇ
روھلارنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى قوغ-
دايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. قەبىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى
يامان نىيەتلىك كىشىلەر، جازا بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر،
پالاكەتكە ئۇچراپ ئۆلگەنلەر، يات ياكى دۈشمەنلەرنىڭ
روھى يامان روھلار دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل روھلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىن-ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. جىن-ئالۋاستىلارمۇ يامان روھلار گۇرۇپپىسىدا بولۇپ، قاراڭغۇ دۇنيادا ياشايدۇ. ئۇلار كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قاراپ «دىۋە»، «ئالۋاستى» ۋە «جىن» دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئېتىقادقا ئاساسلانغاندا «دىۋە» يامان روھلار ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك روھ بولۇپ، يالغۇز دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا، خارابىلىكلەردە، كونا تۈگمەنلەردە ياشايدۇ. دىۋىلەر ياشانغان كىشىلەر، تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ روھىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇلارنىڭ شاملى تەگكەن كىشىلەر سارالڭ ياكى پالەچ بولۇپ قالىدۇ ۋە ياكى تىلى تۇتۇلۇپ گاچا بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر شامانلار دىۋىلەرنى مۇسۇلمان، كاپىر، ئاتەشپەرەس جوھۇت (يەھۇدى)، تەرسا (خىرىستىيان) دەپ ئايرىيدۇ. مۇسۇلمان دىۋىلەر ئىنسانلارغا بەك چوڭ زىيان كەلتۈرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئالۋاستىلار دىۋىلەردىن ئاجىزراق بولۇپ، ئالۋاستىلار ئاجىز كىشىلەرگە، بولۇپمۇ بوۋاقلار ۋە قىرقى ئىچىدىكى تۇغۇتلۇق ئاياللارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئالۋاستىلار ئىنسانلارغا ئاق كىيىملىك، ئاق چاچلىق ياشانغان موماي كۆرۈنۈشىدە ياكى ئاق ئۆچكە قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ. جىنلار يامان روھلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز روھتۇر. جىنلارمۇ «پاكىز جىن»، «پاسكىنا جىن» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جىنلار مازارلىقلاردا ۋە خارابىلىكلەردە ياشايدۇ، «پاكىز جىن» بىرئاز ياخشى روھ بولۇپ، ئىنسانلارغا بەك چوڭ زىيىنى بولمايدۇ. بۇ جىن ئىنسانلارغا ئاق كىيىملىك ئەر كىشى قىياپىتىدە ئۇچرايدۇ. شامانلار پاكىز جىنلارنىڭ ياردىمى بىلەن سىرلىق ھادىسىلەرنى بايقاپ، يۈز بەرمەكچى بولغان ھادىسىلەرنى ئالدىن كۆرىدۇ. شامانلار بۇ جىنلارنى «ماشايىخ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ جىنلار كېچىسى ھەرىكەت قىلغاچقا، شامانلار ئۇلارنى كېچىسى چاقىرىپ كېلىپ پائالىيەت قىلىدۇ. «پاسكىنا جىن» ئاجىز بولسىمۇ يەنىلا ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزەلەيدۇ. بۇ جىنلار كۆپىنچە ھاللاردا ئاق چاچلىق موماي، ئاق ئۆچكە ۋە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ جىنلار بوۋاقلارغا، قىرقى چىقمىغان تۇغۇتلۇق ئاياللارغا ۋە ھامىلدار ئاياللارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ قارىشىچە، دىۋە ۋە پەرىلەر ئىنتايىن كۈچلۈك روھ بولغاچقا، ئۇلار پەيدا قىلغان كېسەللىكلەرنى داۋالىغاندا شامانلار ئىنتايىن ئەستايىدىل بولىدۇ⑪.

ئۇيغۇرلاردا ھەر بىر شاماننىڭ ئۆزىنىڭ بىر دۇمبىقى، ناغرىسى ۋە دېپى بار بولۇپ، ئۇلار بۇلارنى چالغاندا ئىنسانلار ئەتراپىدا ئويناشقا باشلايدۇ. بۇ مۇراسىمنىڭ ئەسلىي مەقسىتى يامان روھلارنى قوغلاش، نېمىنى قۇربانلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش، كېسەل داۋالاش، ئىنسانلارنى ئۆلۈم ۋە باشقا بالا-قازالاردىن ساقلاش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە خەۋەر بېرىشتۇر. شامانىزمدا كېسەللىكنىڭ ئەسلىي سەۋەبى يامان روھلاردۇر دەپ قارىلىدۇ. شامانلار چۈشكە تەبىر بېرىش، پال ئېچىش ۋە يۇلتۇزلارغا قاراش ئارقىلىق كەلگۈسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، قاملارنىڭ ئەڭ مۇھىم رولى كېسەل داۋالاشتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ⑫.

بۇلاردىن باشقا «ئوت كۆچۈرۈش»، «تۇمار پۈتۈش»، «قان قىلىش» (ھايۋان قۇربانلىق قىلىش)، «يامان روھلارنى توپلاش»، «قەستلەش سېھرى» قاتارلىق جىنكەشلىك (سېھىرگەرلىك) ئادەتلىرى بار. بۇلار ئالاھىدە دۇئاچى (داخان، باخشى) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شامان ئېتىقادىدىكى روھ ئىدىيەسىدىن كېلىپ چىققان.

**3. ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى**

شامانلارنىڭ ئالاھىدە كىيىم-كېچەكلىرى ساماۋى ۋە دىنىي تۈس ئالغان بىر كوسمولوگىيەلىك مەنە ھاسىل قىلىدۇ. خاسىيەتلىك مۆجىزىلەرنى يارىتىشتىن باشقا يەنە بەزى ئالەمنىڭ سىرلىق ھادىسىلىرى ۋە مېتافىزىك تەتقىقاتىغىمۇ يول ئېچىلغان دېيىشكە بولىدۇ⑬. شامانلارنىڭ ئۆزىگە كۈچ توپلىغۇچى دەپ سانالغان ئەشيالىرىنىڭ بىرى تۈرلۈك ماتېرىياللار ۋە ھايۋانات قالدۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان شامان كىيىمىدۇر. بۇ كىيىم ئۇنىڭ ساماۋى سەپەرلىرىدە قىياپەت ئالماشتۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ، شامانلار دىنىي مۇراسىملاردا ئۆزىگە خاس شامان كىيىمى كىيىدىغان بولۇپ كىيىملەردە ھەر خىل شەكىللەر ۋە رەسىملەر بولىدۇ. بۇ شەكىللەر ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، شامان كىيىمىنىڭ ئۈستىدە بىر قۇش رەسىمى بار بولغان بولسا، شاماننىڭ قۇشنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇچالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ⑭.

شاماننىڭ كىيىم-كېچىكى تۆۋەندىكى قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ: تون ياكى چاپانغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاشقى كىيىم، باشلىق، شىمالدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەردە پەرتۇق، پەلەي، ئۆتۈك⑮. شامان كىيىم-كېچەكلىرى ئوخشاش بولمىغان تۈركىي مىللەتلەردە پەرقلىق بولىدۇ. بەزىدە مەقسەتكە قاراپ كىيىمگە تاقالغان نەرسىلەر ئالمىشىدۇ. ئادەتتە كىيىم تۈگمىسىز ۋە ئالدى ئوچۇق تېرىدىن تىكىلگەن كىيىم بولۇپ، قىشتا بىر كۆينەك ئۈستىگە، يازدا بىۋاستە ئۈچىسىغا كىيىلىدۇ. تېرە پوتا ياكى بەلباغ تاقىلىدۇ. كىيىمدە ھەر خىل مەنىگە ئىگە بولغان ئۆرنەك، شەكىللەر ياكى ھەر خىل نەرسىلەرگە سىمۋول قىلىنغان تۆمۈر، قەلەي دېگەندەك نەرسىلەر بولىدۇ. (شاماننىڭ ئالەملەرنى، دۇنيانى ۋە ئىنسانلارنىڭ جېنىنى، كائىناتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان روھىي ئەينىكى) قۇياشنى ۋە ئاينى سىمۋول قىلغان ئىزنەك ياكى يۇملاق شەكىلدە كېسىلگەن نەرسىلەرنى كىيىملىرىگە ئېسىۋالىدۇ. قۇياشقا سىمۋول بولغان يۇملاق تۆشۈك ئېچىلغان نەرسىلەر شاماننىڭ يەر ئاستىغا شۇڭغۇش ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شاماننىڭ مۈرىسىگە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارغا قارشى چىدامچانلىقى ۋە كۈچىنى نامايان قىلغان بىر تۆمۈر زەنجىر ئورنىتىلغان. كىيىمگە تاقالغان تۆمۈر بۇيۇملار يامان روھلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قالقان رولىنى ئۆتەيدۇ، مېتال بۇيۇملار جانلىق بولغاچقا ئۇلارنىڭ داتلاشمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بەزى شامان كىيىملىرىگە مۇراسىم جەريانىدا ياردەمدە بولىدىغان ھايۋان روھلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان توشقان، تىيىن ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، قۇش پەيلىرى ۋە پۇتلىرى ئېسىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كىيىمنىڭ يەڭلىرىگە ياكى كۆكرەك قىسمىغا قول ۋە قوۋۇرغا ئۇستىخانلىرىنى سىمۋول قىلغان ۋە قايتا تىرىلىشتىن بېشارەت بەرگەن شەكىللەر تىكىلىدۇ، بۇ شەكىللەر قول، پاچاق ۋە قوۋۇرغىلارغا سىمۋول قىلىنغان پۇل ياكى چوكىلاردۇر⑯.

ئۇيغۇر شامانلار بېشىغا ئاق ياكى كۆك رەڭلىك ئۈچ قىرلىق كونۇس شەكىللىك باشلىق كىيىدۇ، ئايال شامانلار بېشىغا ئاق ياكى قارا ياغلىق ئارتىدۇ. ئەركەك شامانلار ئۈستىگە ئاق رەڭلىك ئۇزۇن چاپان، ئايال شامانلار بولسا ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ. 1949-يىلىدىن بۇرۇن شامانلار دىنىي مۇراسىملاردا ئاياللارنىڭكىدەك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەنلىكىمۇ خاتىرىلەنگەن⑰.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر شامانلار دىنىي مۇراسىم جەريانىدا مۇقەددەس بىلىنىدىغان خەنجەر، قامچا، يىپ، دەرەخ شېخى، بايراق، چىراغ، سۇ، مۇقەددەس ئوت ۋە ئەينەك ئىشلىتەمەكتە. بايراق، چىراغ، سۇ، ئوت ۋە باشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى كېسەل كىشىنىڭ ئائىلىسى تەييارلايدۇ.

#### 4. ئۇيغۇر شامانلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇر شامانلىرى ھازىر «پېرىخونلۇق»، «خەنجەر» ۋە «قۇش پېيى بىلەن ئۇقۇش»، «روھ يۆتكەش»، «ئال قىلىش، نۆكچە (چىراغ) قاداپ ئۇقۇش، كەتمەن بېسىپ ئۇقۇش، چاچراتقۇ سېلىش» قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالايدۇ⑱.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا شامانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە باشقىچە ناملار ۋە ۋەزىپىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتالايمىز. ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە پېرىخونلۇق، داخانلىق، قەسىدىچىلىك، ئاشلاش، (ئوت كۆچۈرۈش)، تۇمارچىلىق ۋە پالچىلىق⑲ قاتارلىق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان ۋە كەسپلەشكەن قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار خەلقنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. سېھىرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلغان بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرى بۈگۈنكى كۈندە «پېرىخون»، «جىنكەش»، «داخان»، «موللا»، «بۇۋى»، «قەسىدىچى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن داۋام قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا «ئەجدادلار تۇتېمى»، «سۇ تۇتېمى»، «دەرەخ تۇتېمى» دېگەندەك قەدىمكى تۈرك ئېتىقاد سىستېمىسىغا تەقلىد قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىچىدە دىققەت قوزغىغان ئامىللارنىڭ بىرى قەدىمكى تۈرك ئېتىقادلىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئائىت ئامىللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىلىشىدۇر، داۋالاش جەريانىدا ھەر خىل ئايەت ۋە مۇناجات دۇئالارنىڭ ئوقۇلۇشى بۇنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئىسپاتىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە دىياگنوز قويۇش بولسۇن ياكى داۋالاش بولسۇن شامانلارنىڭ ئەڭ جىق ياردەم ئالىدىغىنى روھلاردۇر. ھەر بىر شاماننىڭ ئۆزىنىڭ مازىرى-ماشايىخى بولۇشى، روھلارنىڭ ياخشى ۋە يامان دەپ ئايرىلىشى ۋە روھلارنىڭ ياشايدىغان يەرلىرىنىڭ ئېنىق

بەلگىلەنگەن بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ روھلارغا بولغان ئې‑تىقاد ۋە ئىدىيەلىرىنى ئىپادىلىگەن. روھلارغا مۇناسىۋەت‑لىك بۇ قاراشلاردىن كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى يامان روھلارنىڭ ئىنسان بەدىنىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا كېسەل داۋالاشنىمۇ بۇ يامان روھلارنى ئادەم بەدىنىدىن قوغلاش ۋە چىقىرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان دەپ قا‑راشقا بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق تېبا‑بىتى قەدىمكى ئېتقاد ۋە ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن شاما‑نىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن قاملار تە‑رىپىدىن يارىتىلغان ياخشى روھلار ۋاستىسى ئارقىلىق يامان روھلارنى قوغلاش ۋە چىقىرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان تەدبىر ۋە ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئا‑دەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ سىرلىق، كەسىپ تۈس‑نى ئالغان ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىكتە داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئىزاھلار:


① Eliade Mircae : «شامانىزمنىڭ ئىپتىدائىي ئەسرىمە (esrime) تېخنىكىلىرى»، «تەرجىمان: ئىسمەت بىركان، ئىمگە كى‑تابخانىسى، ئەنقەرە 2006، 22 ـ بەت.

② ھېكمەت تانيۇ: «تۈركلەرنىڭ دىنىي تارىخى» «بۇراك نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1998، 19 ـ بەتلەر.

③ رەشىد راھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك 1 مەتىن»، ئەنقە‑رە، 1991، 522 ـ بەت.

④ راخمان ئابدۇرەھىم «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006 ـ 257 ـ ، 259 ـ بەتلەر؛ ھەبىبۇللا ئابدۇ‑رەھىم «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000، 398 ـ بەت.

⑤ راخمان ئابدۇرەھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006، 222 ـ، 224 ـ بەتلەر.

⑥ ئابدۇلكادىر ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم ماتې‑رىياللار ۋە تەتقىقاتلار»، تۈركىيە تارىخ كومىتېتى نەشرىياتى، ئەن‑قەرە 2006، 76 ـ بەت.

⑦ رادلوف: «سىبىرىيەدىن II «تەرجىمان: ئا. تەمىر، مائا‑رىپ نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1956، 19 ـ، 20 ـ بەتلەر.

⑧ ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، كۇلتۇر مىنىسترلىقى، ئەنقەرە 1980، 29 ـ بەت.

⑨ راخمان ئابدۇرەھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006، 215 ـ، 217 ـ بەتلەر.

⑩ راخمان ئابدۇرەھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006، 181 ـ، 195 ـ بەتلەر.

⑪ بۇرمەرىيەم ئابدۇكېرىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلى‑رى»، ئەنقەرە ئۈنىۋېرسىتېتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، ئەن‑قەرە 2006، 32 ـ بەت.

⑫ «شامانىزمنىڭ ئىپتىدائىي ئەسرىمە (esrime) تېخنىكىلى‑رى»، تەرجىمان: ئىسمەت بىركان، ئىمگە كىتابخانىسى، ئەنقەرە 2006، 199 ـ بەت.

⑬ ياشار جورۇھلۇ: «تۈرك مىتولوجىسىنىڭ ئانا يوللىرى»، كابالجى نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000، 71 ـ بەت.

⑭ سائادەتتىن بۇلۇچ: «شامانىزم ماددىسى»، ئىسلام ئېن‑سىكلوپېدىيەسى 11 ـ جىلد، ئىستانبۇل 1971، 314 ـ بەت.

⑮ ياشار جورۇھلۇ: «تۈرك مىتولوجىسىنىڭ ئانا يوللىرى»، كابالجى نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000، 71 ـ بەت.

⑯ راخمان ئابدۇرەھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006، 218 ـ، 219 ـ بەتلەر.

⑰ راخمان ئابدۇرەھىم «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006، 236 ـ، 257 ـ بەتلەر.

⑱ ن. ف. كاتانوف: «تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا» تەرجى‑مان: ئاتىللا باغچى، كۆمەن نەشرىياتى، كونيا 2004، 133 ـ، 136 ـ بەتلەر.



## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئىتى - مىسكەر



主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
[illegible]

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991-4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040